# شەپەق

ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ژۇرنىلى

1/2021



مەدەنىيەت

كىچىك قارا بېلىق

شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن مىسىردىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر

# بىز كىم؟

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئانا تىلىمىز يىللار بۇرۇنلا ئاكادېمىك ساھەلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىلىمىزنىڭ خاسلىقى، ئۆز پاساھىتى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى قوغداپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانغا ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئەڭ باشتا ھەرقايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئىنقىلابلىرى، يېڭىلىقلىرى، بۈيۈك تەرەققىياتلىرى، زۆرۈر ۋەقەلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ساھىبى بولمىش ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىيلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىنىپ كەلگەن. ئوقۇغۇچىلار بىر مىللەتنى، دۆلەتنى قوغداپ قېلىشتا رولى ئەڭ كۈچلۈك جامائەت. چۈنكى ئۇلار كېلەچەكنى يارىتىدىغان ئۇرۇقلارنى ئۆز ئەقلىدە، جىسمىدا، روھىدا ۋە خىزمىتىدە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنى تەمىن ئېتىدۇ. بۇ روللارنى ئورۇندىيالمىغان بىر ئوقۇغۇچى، بىر زىيالىي ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن ھاياتنى ياشىيالمىغان، ئۆزى ۋە مىللىتى ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىمىغان، ئۆز زاۋاللىقىنىڭ سەۋەبچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئوقۇغۇچىلار، دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە بۇ ژۇرنالنى ھازىرلاپ چىقتۇق. ژۇرنىلىمىز ھەرقايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۆلۈم دەرسلىرىدىن ئۆگەنگەن ئاكادېمىك بىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئاكادېمىك مەنبەسىنى موللاشتۇرۇش ۋە چەتئەلدە ئوقۇش مۇساپىسىدە ئۆز تىلىنى ئىپادىلەشتە ئاجىزلاپ كېتىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىيەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقا ئادەتلىنىشنى روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ژۇرنال مەسئۇلى: ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى شۇرا ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەھرىر ۋە كوررېكتور ھەيئىتى:
مۇيەسسەر ئەلى، ئارزۇگۈل ئابلىكىم، ئىلمىنۇر تۇرسۇن
كەۋسەر ئابدۇلئەزىز، مەريەم ئابدۇمىجىت، فاتىمە ئابدۇلھەمىد
مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن، قەلبىنۇر ئابدۇللاھ، مەرەمنىسا ئابدۇغېنى
زۇلھايا ئابدۇلئەزىز، نۇرئىمان نىياز

لايىھەلىگۈچى: ئابدۇرەشىد ئەمىن

ئەسىر ئەۋەتىڭ، تەكلىپ - پىكىر بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز: Shepequyghur@gmail.com

نەشر ھوقۇقى «شەپەق ژۇرنىلى»غا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ خالىغانچە كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ژۇرنىلىمىزنى «دەرمان فوندى»، «سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەخپى» ۋە «ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەخپى» ئالاھىدە قوللىغان.

# مۇندەرىجە


ئىلمانىزم 4
مۇھەممەد خوتەنىي

مەدەنىيەت 11
مەدىنە مۇھەممەد

«جىنايەت ۋە جازا» تەسراتى 17
ئايگۈزەل ئابلىمىت

«ئۆمەر مۇختار» فىلمىدىن تەسىراتلار 21
ئابدۇمىجىت ئەركىن

ئەركىنلىك (شېئىر) 25
رىياد سالىھ \ تەرجىمىدە:ئابدۇلھەمىد ئەمىن (كەۋسەر)

ئاتىلار بايرىمى 26
سۇمەييە ھەمدۇللاھ

شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن مىسىردىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر 28
ئابدۇلئەھەد سۇبات

تۇغۇت ئانىسى كەسپى 38
گۈلمىرە تۇرسۇن

باللار تەرەققىياتى كەسپى 41
نۇرئىمان نىياز

ئائىلىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدىلەر 44
فەتھۇددىن ئابدۇررەئۇف

كىچىك قارا بېلىق (تەرجىمە ھېكايە) 48
سەمەت بەھرەنگى \ تەرجىمىدە:ئابدۇلقابىز زاغىئوغلى

# ئىلمانىزم

مۇھەممەد خوتەنىي
فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى

## ئىلمانىزم دېگەن نېمە؟

ئىلمانىزم دېگىنىمىز ئەرەبچە: «العلمانيّة»، ئىنگلىزچە: «Secularism» فرانسۇزچە «Secularite» تۈركچە «Laiklik» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ «ئىلىم» سۆزى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى توغرا تەرجىمىسى: «دىنىي بولمىغان، ياكى دىن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دېگەن بولىدۇ.


ئەمما بۇ ئاتالغۇدىن مەقسەت قىلىنغىنى بولسا: «دىنىي كىشىلىك ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇش، دىنىي پەقەت مەخسۇس ئىبادەت ئۆچۈن بىنا قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ تاملىرى ئىچىگىلا تىزگىنلەش، شۇنداقلا ئۇ دىنىي شۇ ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىلا قالدۇرۇش» دېيىدىغان بىر پىكىر ئېقىمىدۇر.[1]

## ئىلمانىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

بۇ پىكىر ئېقىمى تۇنجى بولۇپ غەرب دۇنياسىدا (ياۋروپادا) پەيدا بولغان، چۈنكى غەرب دۇنياسى 18 - ئەسىردىن بۇرۇن دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئىنتايىن قاپقاراڭغۇ زۇلمەت بىر مۇھىتتا ياشايتتى. ئىلمانىزم شۇ مۇھىت شارائىتىدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ ئېقىمنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىش بىلەن ئىخچاملىساق توغرا بولۇشى مۇمكىن:

**1- ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنىنىڭ بۇرمىلىنىشى**

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن كىتاب ۋە شەرىئەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن شۇ زاماندىكى ئۈممەتكە ئەۋەتىلگەن بەرھەق كىتاب ۋە ساغلام شەرىئەت ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَسُولًا إِلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُمْ بِآيَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ﴾ «(ئاللاھ ئىسانى) بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ ئىسا دەيدۇ:) «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم».[2]



بىراق ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خرىستىئانلار بۇ شەرىئەتنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ، كۆپلىگەن ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدى. غەرب دۇنياسى ئەنە شۇ بۇرمىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن دىنىي ھەق دىن دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇ بۇرمىلانغان دىنىنىڭ نوپۇزى بار ئىدى.

خرىستىئانلارنىڭ ئۆز دىنىنى بۇرمىلىغانلىقىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى بولسا ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ جار سېلىشىدۇر.

1 - دىنلار، مەزھەپلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى گۇرۇھلار ھەققىدىكى قولاي ئېنسىكلوپېدىيە، يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى، 2 - توم، 679 - بەت

2 - ئالى ئىمران سۈرىسى، 49- ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللَّهِ وَقَالَتِ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللَّهِ ۖ ذَٰلِكَ قَوْلُهُم بِأَفْوَاهِهِمْ ۖ يُضَاهِئُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِن قَبْلُ ۚ قَاتَلَهُمُ اللَّهُ ۚ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَٰهًا وَاحِدًا ۖ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

«يەھۇدىيلار: <ئۈزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر> دېدى، ناسارالار: <مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر> دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: <پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر> دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ. ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى ، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار پەقەت بىرلا ئىلاھ (بولغان ئاللاھ)قا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر».[3]

## 2 - چېركاۋلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھەق دىن ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىنىش بىلەن بىرگە چېركاۋدىكى خرىستىئان دىنىي ئالىملار، پوپلار ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. ئۇلار دىننى شۇنچىلىك ئۆزگەرتتىكى، خرىستىئانلارنىڭ دىنى بەكمۇ خۇراپىي ۋە قالاق بىر ھالەتكە كېلىپ قالدى. بىز بۇ بۇرمىلاشلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىلەن ھېس قىلالايمىز:

### بىرىنچى: گۇناھلارنى كەچۈرۈش ھوقۇقى

مىلادىيە 1215 - يىلى رىم يىغىنىدا بىر قارارنامە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ قارارنامىنىڭ مەزمۇنى بولسا پاپالارغا[4] ئىنسانلارنىڭ «گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلالاش» ھوقۇقى بېرىش ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋالغان كىتابىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ قارارنامىنى چېركاۋلارنىڭ ۋە پوپلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى چوڭايتىش ئۈچۈن ماقۇللىغان ئىدى.

«گۇناھ كەچۈرۈش» ئۈچۈن بىر قانچە تۈرلۈك مۇراسىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مۇراسىملاردىن بىرى :گۇناھكار كىشى، دىنىي پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان پوپلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىلغان بارچە گۇناھلىرىنى يوشۇرماستىن بىر- بىرلەپ شۇ پوپقا سۆزلەيتتى، گۇناھكارنىڭ بۇ ئىشى پۇشايمان قىلغانلىق ۋە تۆۋە قىلغانلىق ھېسابلىنىپ ھەممە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان ھېسابلىناتتى.

ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتتا گۇناھكار كىشى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىش بەدىلىگە نۇرغۇنلىغان مال دۇنيانى شۇ پوپلارغا بېرىپ «گۇناھلىرى كەچۈرۈلگەنلىك گۇۋاھنامىسى»نى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالاتتى. بۇ ئىش پوپلارنىڭ ۋە چېركاۋلارنىڭ بېيىپ كېتىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

«توۋا قىلغۇچىلار« بۇ كەچۈرۈم قىلىنغانلىق گۇۋاھنامىسىنى قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھەرقانداق جىنايەت ۋە خاتالىق رۇخسەت بولۇپ، زىنا - پاھىشە، ئوغۇرلۇق، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ بولۋېرەتتى.[5]

### ئىككىنچى: مەھرۇم قىلىش ھوقۇقى

چېركاۋلاردىكى پوپلارنىڭ خۇددى «گۇناھلارنى كەچۈرۈش» ھوقۇقى بولغىنىدەك، گۇناھكارلارنى ئاللاھنىڭ كەچۈرۈمىدىن مەھرۇم قىلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. پوپلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان كىشىگە كەچۈرۈمدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى يۈرگۈزۈلەتتى. پوپلار جىنايەتچى ھېسابلىغان كىشىلەرگە مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ۋە ھەممە پوپلارنىڭ نامىدىن لەنەت قىلاتتى ۋە ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى تىلەيتتى، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشى، ئالاقىلىشىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى چەكلىنەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېقىن يەردە ئولتۇرۇش، ھەتتا ئۇنىڭ يازغان نەرسىلىرىنى ئوقۇش ۋە دېگەن سۆزلىرىنى يېزىشقا چاغلىق بارچە ئىشلىرى چەكلىنەتتى.

بۇلار بىلەن بىرگە، پاپا پۈتۈنلەي «گۇناھسىز» دەپ ئېتىقاد قىلدۇرۇلاتتى. پۈتكۈل خەلق دىنىي رەھبىرى ھېسابلىنىدىغان پاپاغا ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى

3 - تەۋبە سۈرىسى، 31-30 ئايەت.

4 - پاپا: كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى. [ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى]

زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسى، ئەنمار ئەھمەد مۇھەممەد، 27 - بەتلەرگە قارالسۇن ۋە ئەلئىلمانىيە، سەپەر ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلھەۋالى، 110 ، 111 - بەتلەرگە قارالسۇن.



كېرەك ئىدى. شۇنداقلا پادىشاھ، قوماندان سايلاش ياكى ئۇلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ئىشلىرىمۇ پاپانىڭ قولىدا ئىدى.

**ئۈچىنچى: تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ھەر خىل قىيىن قىستاقلىرى**

مىلادىيە 15 - ئەسىرلەردە فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەپتىش مەھكىمىلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردە چېركاۋلارنىڭ ھەر قانداق پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان كىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى.

بۇلارنىڭ قىيناش ئۇسۇللىرى: ئادەمنى ھەرخىل سايمان بىلەن سوزۇپ ئۆلتۈرۈش، تىرىك تۇرغۇزۇپ سىئادەمنىڭ سۆڭەكلىرىنى پارچە - پارچە ئېزىپ سۇندۇرۇش، ھەتتا سۆڭەكلەرنى گۆشىدىن ئاجرىتىپ ئۆلتۈرۈش، تىلىدىن ئېسىپ، تىرناقلىرىنى سۇغۇرۇپ قىيناش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چىدىغۇسىز قىيناش ئۇسۇللىرى بار ئىدى.[7]

قىيىن - قىستاق بىلەن جازالانغان كىشىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن(300000)غا يەتكەن بولۇپ، بۇلاردىن (32000) مىڭ كىشى تىرىك كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.[8]

**3 - چېركاۋ بىلەن ئىلىم - پەن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش**

چېركاۋ ۋە چېركاۋلارنىڭ پوپلىرى ئىلىم - پەنگە تامامەن قارشى تۇراتتى (بەلكىم بۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئارقىدا قېلىپ خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن). ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پۈتكۈل ئىشلار شۇ پوپلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولۇشى كېرەك ئىدى، چېركاۋلار ياكى پوپلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە ئەقىل ئىشلىتىشكە بولمايتتى. ھەرقانداق شەخس چېركاۋلارنىڭ بۇرمىلانغان ھۆكۈملىرىگە ئۇدۇل كەلمەيدىغان بىرەر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ كىشى جىنايەتچى ھېسابلىنىپ دەرھال ھەرخىل جازالارغا ھۆكۈم قىلىناتتى. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن: دۇربۇننى ئىجاد قىلغان پەننىي ئالىم گالىلېئو گالىلېي ئىسىملىك كىشى «يەرشارى شارسىمان يۇمىلاق» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماستىن ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئازابلىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن پەننىي ئالىملارنى چېركاۋ ئېتىقادىنىڭ تەتۈرىسىچە پىكىر قىلىش جىنايىتى بىلەن قارا چاپلاپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرسە يەنە بەزىلىرىنى ھەرخىل شەكىلدە قىيناپ جازالىغان ئىدى.[9]

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىمۇ ئىنسانلار بەكمۇ ناچار ھالەتتە ئىدى. ئاساسلىق كۆپىنچە كىشى ئاچارچىلىق، كەمبەغەللىك،

7 - شۇ ۋاقىتلاردىكى قىيناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بەزى ئەسۋابلار تا ھازىرغىچە ياۋروپادىكى كۆرگەزمە مۇزىبىلىرىدا ساقلانماقتا.

8 - زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسى، ئەنمار ئەھمەد مۇھەممەد، 2019م، 29 ، 30 - بەتلەرگە قارالسۇن.

9 - زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسى، ئەنمار ئەھمەد مۇھەممەد، 29، 30 - سەھىپىلەرگە قارالسۇن. دىنلار، مەزھەپلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى گۇرۇھلار ھەققىدىكى قولاي ئېنسىكلوپېدىيە، يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى، 2 - توم، 679 - سەھىپىگە قارالسۇن.

قالاقلىق ۋە جاھالەت ئىچىدە ياشايتتى. يەر- زېمىن ۋە ئىقتىساد ئاساسەن دېگۈدەك چېركاۋلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ياكى ئاز بىر قىسمىدىكى پومېشچىكلارنىڭ قوللىرىدا ئىدى.

## ئىلمانىزم ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ رولى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ھەق دىنىنىڭ بۇرمىلىنىشى، چېركاۋلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى، كىشىلەرنى خالىغىنىچە قىيناش ھەمدە ئىلىم - پەنگە قارشى تۇرۇپ، ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ كەلمەيدىغان قالاق ئىشلارنى دىن ۋە چېركاۋ نامىدىن تەتبىقلاش قاتارلىق ئىشلار سەۋەبلىك كىشىلەر ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەن بۇ خرىستىئان دىنىدىن ۋە پوپلاردىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ، ئۇلارغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار 14 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە كۆپ قېتىم ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلارنى كۆتۈردى. قوزغىلاڭ جەريانىدا نۇرغۇنلىغان قوزغىلاڭچى دېھقان ئاممىسى ھاياتىدىن ئايرىلغىنىدەك، نۇرغۇنلىغان چېركاۋلار يېقىپ تاشلىنىپ نۇرغۇنلىغان پوپلار ئۆلتۈرۈلدى.

ئاخىرى 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە قوزغىلىڭىدا ئىنقىلابچىلار «ھايات قالغان ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھنى ھايات قالغان ئەڭ ئاخىرقى پوپنىڭ ئۈچەيلىرى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرەيلى» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھوقۇقنى پۈتۈنلەي قولغا ئالدى.[10]

بۇ جەريانلاردا يەنە بىر تەرەپتىن يەھۇدىيلارمۇ ئالاھىدە رول ئوينىۋاتاتتى، چۈنكى يەھۇدىيلار خرىستىئانلارنى ئىچىدىن ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ، ياۋروپا تەۋەلىكىدە ئۆزلىرىگە تىركىشىپ تۇرىدىغان چېركاۋلارنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنى يىقىپ تاشلاپ، باشقا دىنلار ئۈستىدە يەھۇدىي دىنىنى ھۆكۈمران قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى.

شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرى ئىچىدىن تەربىيلىنىپ چىققان: جان جوك روسسو، فولتىر، لىم جودىن ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم يەھۇدىي زىيالىيلار ۋە پەيلاسوپلارنى «دىنىنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇش» تەشۋىقاتى بىلەن ئىشقا سالدى. ئىنسانلار، چېركاۋلار ۋە پوپلار سەۋەبلىك بۇرمىلانغان دىنغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بوپ كەتكەچكە بۇ تەشۋىقات ئۇلارغا ئىنتايىن خوپ كېلىپ ئاسانلا بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكىر ئېقىمى ياۋروپادا تېز تارقاش بىلەن بىرگە غەرب دۇنياسىدا بۇرۇن چېركاۋلار ۋە پوپلار تەرىپىدىن خەلققە تېڭىلغان جاھالەت ۋە قالاقلىققا خاتىمە بېرىلىپ، چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىلىم - پەنگە يول ئېچىلىش باشلاندى ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ياۋروپانىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ ئۇلارنى خورلاپاتلىق ۋە جاھالەت پاتقىقى ئىچىگە پاتقۇزغىنى ھەق دىن ياكى ساغلام ئەقىدە بولماستىن، بەلكى چېركاۋلار ۋە ئۆزلىرىنى ئىلاھ ئورنىغا قويۇۋالغان پوپلار ئىدى.

## ئىلمانىزم ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يۆتكىلىپ كېلىشى

ياۋروپا ئۇزۇن زامانلار ياشىغان خورلاپاتلىق، جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتۇلۇپ ئىلىم - پەنگە بېرىلىپ تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن بەزىدە پىلانلىق، يەنە بەزىدە پىلانسىز شەكىلدە مىسىر، ھىندىستان، ئالجىرىيە، ماراكەش، ئىراق، ھىندونېزىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدا ئىلمانىزم ئىدىيىسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىلمانىزم ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كۆچۈپ كېلىش سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىساق توغرا بولۇشى مۇمكىن.

**بىرىنچى:ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى گۈللىنىشى**

ياۋروپانىڭ دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىپ »ئىلمانىزم« ئىدىيىسىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن ماددىي ۋە سانائىي جەھەتتىن گۈللىنىشى، ئىسلام دۇنياسىدىكى كىشىلەردە «تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى دىنىنى ئارقىغا تاشلاش ئىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ياۋروپا قانداقسىگە گۈللەندى؟!» دەيدىغان ھېسسىياتنى پەيدا قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇرمىلانمىغان ھەق دىن ئۈستىدە تۇرۇپ بۇنداق ئەخمىقانە خىيال قىلىشى ئىنتايىن نادانلىق ۋە جاھىللىق ئىدى.

10 - زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسى، ئەنمار ئەھمەد مۇھەممەد، 29، 30 - سەھىپىلەرگە قارالسۇن.

## ئىككىنچى: ئىسلام ئۆلكىلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشى

ئەنە شۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار، ساغلام مەنبەيىمىز بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتىن يىراقلىشىپ ھەر جەھەتتىن ئارقىغا چېكىنىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئىسلام دۇنياسىنى قوغداش، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا تەخت تالىشىش، ھوقۇق ۋە مەنسەپ تالىشىش جېڭى بىلەن بوپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشلار سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار نۇرغۇن تەرەپلەردە ئارقىدا قالدى.

## ئۈچىنچى: ئەسكىرىي جەھەتتىكى مۇستەملىكىچىلىك ۋە خىلاپەتنىڭ يىقىلىشى

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام خىلاپىتى خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كېسەل كىشىگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، خىلاپەتنىڭ كۆپلىگەن زېمىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، ھەتتا ئاخىرىدا مۇبارەك ئىسلام خىلاپىتى يىقىپ تاشلاندى. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىدىيە كۈرىشى قوزغاپ «گۈللىنىش ئۈچۈن دىننى تاشلاش كېرەك» دېيىدىغان قۇرۇق سەپسەتىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئىلمانىزم ئىدىيىسىنى «زامانىۋىلىشىش، مەدەنىيلىشىش ۋە شەھەرلىشىش» قاتارلىق ساختا ئىسىملار بىلەن زىننەتلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزلىرىنى بوياشقا ئۇرۇندى.

## تۆتىنچى: مۇسۇلمانلاردىكى روھىي چۈشكۈنلىشىش

نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئۆلكىلىرىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى، ئوسمانىيە خىلاپىتىنىڭ يىقىلىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارغا ئېغىر دەرىجىدە چۈشكۈنلۈك يېتىپ «ياۋرۇپالىقلار بەرىبىر ئۈستۈنلۈك قازىنىدىكەن» دېگەن پىكىر ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە سىڭىپ، ھەممە ئىشلاردا ئۇلارنى دوراشقا باشلىدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئىلمانىزم» ئىدىيىسىمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.[11]

# ئىلمانىزم ئىدىيىسىنى ئىسلام دۇنياسىغا ئېلىپ كەلگەن ۋاستىلار

ئىلمانىزم ئىدىيىسىنىڭ غەرب دۇنياسىدىن ئىسلام دۇنياسىغا كۆچۈپ كېلىشىگە ئاساسلىق ئۈچ خىل ۋاستە ئالاھىدە رول ئوينىغان بولۇپ بۇلار بولسا:

## بىرىنچى: شەرقشۇناسلار

شەرقشۇناسلار[12] گەرچە ئىسلام دىنىنى بەرھەق دىن دەپ ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، بىراق ئادەتتىكى بىر تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنىي كىتابلار ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، مەلۇم دەرىجىدە شۇ ھەقتە ماقالە ۋە كىتابلارنى يازغان ئىدى، بۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە قىسمەن جەھەتتە شەرقشۇناسلارنىڭ ياخشى تەسىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ شەرقشۇناسلار يازغان ئەسەرلىرىدە غەربنى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ۋە مەدەنىيەتلىك كۆرسىتىپ مۇسۇلمانلارنى قالاق، ئارقىدا قالغان كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، يەنە بەزىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى سۇسلاشتۇرىدىغان تۆھمەت خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى كىتابلىرىغا قەستەن كىرگۈزگەن ئىدى.[13]

## ئىككىنچى: خرىستىئان دىنى تارقاتقۇچىلىرى

غەربلىكلەر ئىسلام ئۆلكىلىرىگە نۇرغۇنلىغان خرىستىئان تەشۋىقاتچىلىرىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ تەشۋىقاتچىلار ھەرخىل كىتابلار، تىياتىرلار ۋە مېكرو فىلىملەرنى تارقىتىش، شۇنداقلا ھەر تۈرلۈك چەت ئەلچە مەكتەپ ۋە كۇرسلارنى ئېچىش نامىدا «ئىلمانىزم» ئىدىيىسىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچەپ تەشۋىقات قىلاتتى.

## ئۈچىنچى: مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب دۇنياسىدا ئوقۇتۇلغان پەرزەنتلىرى

ئىلمانىزم ئىدىيىسىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ئېلىپ كەلگەن ۋاستىلەردىن ئەڭ خەتەرلىكى بولسا غەربكە ئەۋەتىلگەن مۇسۇلمان پەرزەنتلەر ئىدى. بۇلار غەرب دۇنياسىدا ئوقۇپ، ھەرخىل ساھەلەردە «دوكتورلۇق، پروفېسسورلۇق» قاتارلىق ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ، ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە غەربتە سىڭدۈرۈلگەن «ئىلمانىزم» ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا «گۈللىنىشنىڭ يولى دىننى ھاياتىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى تارقاتتى.

مانا بۇلارنىڭ ئۆرنەك مىساللىرىدىن: قاسىم ئەمىن، تاھا ھۈسەيىن، مىيشىل ئەفلەق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلەتلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە دىنىي سەۋىيىگە

11 - ئىلگىرىكى مەنبەگە قارالسۇن.

12 - شەرقشۇناس: ئى[ ئە+پ ] شەرقتىكى مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، تىل-يېزىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم. [ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى]

13 - زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسى، ئەنمار ئەھمەد مۇھەممەد، 29، 30 - سەھىپىلەرگە قارالسۇن.




كېلىپ بولغاندىن كېيىن فرانسىيەگە ئوقۇشقا بېرىپ شۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ «ئىلمانىزم» ئىدىيىسى بىلەن تەربىيەلەنگەن. بۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن «ۋەتەنپەرۋەرلىك» شوئارى ئاستىدا «ئىلمانىزم» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، ھەمدە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزغا كۆپ زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەر قاتارىدىندۇر.[14]

## ئىلمانىزمنىڭ ئاساسلىق پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى

ئىلمانىزمنىڭ ئومۇمىي شەكىلدە ۋە ئىسلام دىنىمىزغا نىسبەتەن خۇسۇسىي شەكىلدە پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - «ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ھاياتى ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق ئالاقە يوق» دەپ ئېتىقاد قىلىش.

2 - «ھاياتلىق پۈتۈنلەي ئەقىل ۋە تەجرىبە ئۈستىگە قۇرۇلغان» دەپ ئېتىقاد قىلىش.

3 - دىننى سىياسەتتىن ئايرىش، كىشىلىك ھاياتىنى ماددىي پرىنسىپ ئۈستىگە تۇرغۇزۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنى پەقەت ئىبادەت ئۈچۈنلا سېلىنغان مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىچىدىلا قىلىش، كىشىلىك ھاياتقا قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك.

4 - ھاياتتىكى ھەممە ئىشتا مەنپەئەتپەرەسلىك پرىنسىپىنى تەتبىقلاش.

5 - شەھۋانىيلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنى تارقىتىپ ئائىلە مەۋجۇدىيىتىنى يىقىپ تاشلاش.

**ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىلمانىزم ئېتىقادلىرى بولسا:**

1 - ئىسلامنىڭ ماھىيىتىگە، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆھمەت قىلىش.

2 - مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى «پەقەت مۇراسىم ۋە قۇرۇق شوئارلار» دەپ بىلجىرلاش.

3 - مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى «بۈگۈنكى زامانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، قالاقلىققا چاقىرىدۇ» دەپ بىلجىرلاش.

4 - غەرب ئۇسلۇبىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئاياللارنىڭ «ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىش»[15] تەشۋىقاتى.

5 - ئىسلام مەدەنىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئىسلام تارىخىدىكى ئىلمانىزم، بۇزغۇنچى ھەرىكەتلەرنى «ئىسلاھات ھەرىكىتى» دەپ بىلجىرلاش.

6 - ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت ۋە دىندىن خالىي بولغان مەدەنىيەتلەرنى تىرىلدۈرۈش.

7 - غەرب دۇنياسىنىڭ دىندىن خالىي بولغان ئۇسلۇب، پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى تەقلىد قىلىش.

8 - پەرزەنتلەرنى دىن بىلەن ئالاقىسى يوق شەكىلدە تەربىيىلەش.[16]

## ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىلمانىزم ئىدىيىسىگە بولغان كۆز قارىشى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئىلمانىزم» ئىدىيىسى مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا پۈتۈنلەي قارشى كېلىدىغان بولۇپ، ئىسلام دىنىمىز بۇ ئىدىيىنى دىندىن چىققانلىق، مۇرتەتلىك ھېسابلايدۇ. بىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىمىز، يۈرۈش تۇرۇشلىرىمىز، ھەتتا ئەقەللىيسى ھاجەتخانىغا كىرىشكىچە چاغلىق بارلىق ئىشلىرىمىزدا، مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى، يولىيورۇقى بار بولۇپ، ھەممە ئىشلىرىمىزنى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ساغلام يولىيورۇقىغا ئاساسەن قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ.

14 - دىنلار، مەزھەپلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى گۇرۇھلار ھەققىدىكى قولاي ئېنسىكلوپېدىيە، يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى، 2 - توم، 682 - بەت.

15 - ئۇلار بۇ سۆزى بىلەن» ئاياللارنىڭ ئەخلاقسىز، ھاياسىز يېرىم يالىڭاچ «بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

16 - دىنلار، مەزھەپلەر ۋە ھازىرقى زاماندىكى گۇرۇھلار ھەققىدىكى قولاي ئېنسىكلوپېدىيە، يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى، 2 - توم، 682، 683 - سەھىپە. پايدىلىق ئىلىملەردىكى كۆپ مەزمۇنلۇق جەۋھەرلەر، جاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەلھىل، 545 - سەھىپە.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر>»[17]

ئىلمانىزم ئىدىيىسىدىكى «دىنىنى سىياسەتتىن، دۆلەتتىن، ھەتتا پۈتكۈل ھاياتتىن ئايرىش» پىكرى بولسا ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ ئىدىيە دىنسىزلىقتىن ئىبارەتتۇر. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ۋە راشىد(توغرا يولنى تاپقان) خەلىپىلەر دىنىمىزنىڭ سىياسەتتىن قەتئىي ئايرىلمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھاياتى ئارقىلىق بىزگە ئۈلگە شەكلىدە كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە دۆلەتنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغان ھەققانىي سىياسىيونلاردىن ئىدى.

يەنە شۇنىڭدەك، ئىلمانىزم ئىدىيىسىدىكى «شەھۋانىيلىق، ئەخلاقسىزلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك» قاتارلىق ناچار ئىشلار دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

«ئىلمانىزم» ئىدىيىسىدىكى يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا مەقسەت ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يوليورۇقلىرىغا، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشلار بولۇپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىز بۇ «ئىلمانىزم» ئىدىيلىرى بىلەن ھېچ قاچان بىرلەشمىگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرلەشمەيدۇ.




## ئۆيلىغانلىرىم

«ئىلمانىزم» ئىدىيىسى ئەينى ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا بەك چوڭ تەسىر قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدا، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلىرىمىزغا، ئىپپەتلىك ئاچا - سىڭىللىرىمىزغا، يىللارچە دىنىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا، ھەتتا بەزىدە ئالىملىرىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بارغانسېرى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماقتا.

يەنە بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز ئېكران ئالدىغا كېلىۋېلىپلا ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ «دىنىي ئالىملار سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقى كېرەك» دەيدىغان سەپسەتىلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شەكىللەردە تارقىتىپ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى داۋالغۇتماقتا.

يەنە قىسمەن ئوقۇمۇشلۇق ھېسابلىنىدىغان قېرىنداشلىرىمىز بەزىدە ئۇچۇق قىلىپ، يەنە بەزىدە يېپىق شەكىلدە «مۇسۇلماندارچىلىق قەلبىمىزدە بولسىلا بولدى» دەيدىغان سەپسەتىلەرنى تارقاتسا، يەنە بەزىدە ھېچ ئەيمەنمەستىن ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ دىنىي كىيىم -كېچەكلىرىگىچە تىل ئۇزارتماقتا. مانا بۇ ئىدىيەلەردىكى قېرىنداشلىرىمىز گەرچە ئۆزلىرىنى ئاشكارا شەكىلدە «مەن ئىلمانىزم پىكرىدە» دېمىگەن بولسىمۇ، بىراق بىلىپ - بىلمەي «ئىلمانىزم ئىدىيەسىنى» تەشۋىق قىلغۇچىلاردۇر.

شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، غەرب دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتلار ھەرگىزمۇ دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىلمانىزم پىكرىنى راۋاجلاندۇرغانلىقتىن كەلگەن ئەمەس.

بىز ئۇيغۇر مىللىتى مىڭ يىلدىن بېرى مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ مۇبارەك قۇچىقىدا ياشاش شەرىپىگە ئېرىشكەن بىر مىللەت بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ ئۇلۇغۋار ئامانەتنى تۈرلۈك بوران – چاپقۇن، قار - شىۋىرغانلارغا قارىماي ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تاپشۇرۇپ بىزگە يەتكۈزدى.

بىزگە كەلگەندە بۇ ئامانەت ھەر تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ئېقىملار تەسىرى بىلەن زايە بولۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىز بولۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولمىسۇن!

17 -ئەنئام سۈرىسى، 162 - ئايەت.



# مەدەنىيەت

2- جەمئىيەت ۋە بىز

مەدىنە مۇھەممەد
ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى، جەمئىيەتشۇناسلىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئۆتكەنكى ماقالىمىزدە ئىجتىمائىيلىشىش ھەققىدە توختۇلۇپ، ئىجتىمائىيلىشىشنى شەخسنىڭ تۇغۇلۇپ تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان جەمئىيەت ۋە مەنسۇپ بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى (Kültür) ئۆگىنىش جەريانى دېگەن ئىدۇق. ئۇنداقتا مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە؟ بۇ ماقالىمىزدە بۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش بېرىشكە تىرىشىمىز.

## مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟

مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ بىللە ياشاش جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن قىممەت قاراشلىرى، پرىنسىپلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر ئۇقۇم. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ تا ئۆلگەنگە قەدەر، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتقا بولغان بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بوۋاق چوڭ بولۇشى بىلەن بىرگە ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئائىلە، دوست ۋە مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرىدە ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدۇ ھەم ئۆزلەشتۈرىدۇ، يەنى مەدەنىيلىشىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئەدەپ - قائىدىلىك كىشىلەرنى «ئەجەب مەدەنىيەتلىك كىشىكەن» دەيدىغان گەپ بار. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ياخشى چۈشىنىشتىن سىرت قانداق ۋاقىتتا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ياخشى بىلگەنلىكى، جەمئىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا قارىتا ماسلىشىشچانلىقىنىڭ ئىش - ھەرىكەت ۋە سۆزىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

مەدەنىيەت چوڭ بىر ئۇقۇم بولغاچقا ئۆز ئىچىدە رەڭدارلىققا ئىگە. جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي شارائىتلاردا شەكىللەنگەچكە ئوخشىماسلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شەخسلەرنىڭمۇ ئۆرپ - ئادەت، قىممەت قاراش ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە پەرق بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چوڭ بىر ئومۇمىي مەدەنىيەت بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ مەلۇم يېزىسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ھاياتى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ يەنە پەرقلىق نۇقتىلىرى بولىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ياشايدىغانلارنىڭ مەدەنىيىتى

بىلەن تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە ياشايدىغانلارنىڭ مەدەنىيىتىدە پەرق بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مەدەنىيىتىدە پەرق بولىدۇ. مەدەنىيەتتىكى پەرق ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيان يارىتىپ كەلگەن ئومۇمىي مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ، موللاشتۇرىدۇ.

## مەدەنىيەتنىڭ رولى:

مەدەنىيەت بىزنىڭ بىر جەمئىيەتنى چۈشىنىپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىپ قانداق ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى تەمىن ئېتىدۇ. بىز مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتتىكى قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە ئادەتلەرگە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىنى، ئىش - ھەرىكىتىمىزدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى مەدەنىيەتنى تونۇش ۋە ئۆگىنىش، يەنى مەدەنىيلىشىش ئارقىلىق بىلىپ يېتەلەيمىز. گۇرۇپپىلاردا قانداق رول ئېلىشنى، باشقا ئەزالارغا قانداق ماسلىشىشنى مەدەنىيلىشىش ئارقىلىق ئۆگىنىمىز. ئىجتىمائىيلىشىشىمىزنىڭ ئاساسى مەدەنىيەتتۇر. مەدەنىيەتلەر پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھەر ئىجتىمائىي كىشىلىك مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىجتىمائىيلىشىشنى ماتور دېسەك، مەدەنىيەت ماتورنى قوزغاتقۇچى بېنزىنغا ئوخشايدۇ. ئىنسان مەدەنىيەتلىك دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا مەدەنىيلىشىدۇ.

## مەدەنىيەتنىڭ تۈرى:

مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىككى شەكلى بار، يەنى ئىككى تەركىبى بار بولۇپ، بىرى ماددىي مەدەنىيەت، يەنە بىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت. بۇ ئىككى تەركىب بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆزئارا تولۇقلىنىدۇ ۋە تەسىرلىشىدۇ.

### 1) ماددىي مەدەنىيەت:

بىر جەمئىيەتتە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان ماددىي ئۈنسۇرلارنى «ماددىي مەدەنىيەت» دەپ تونۇيمىز. مەسىلەن: ئولتۇرغان ئۆيلىرىمىز بىناكارلىق مەدەنىيىتىمىزنى نامايەن قىلسا، كىيگەن كىيىملىرىمىز كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما شۇ نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئۆي ياكى بىر پارچە رەخت بىزنىڭ ھاياتىمىزغا، ياشاش شەكلىمىزگە، ھەتتا ھېس - تۇيغۇلىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان روللارنى ئوينىيالىغاچقا، بىز ئۇلارنى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتىيالايمىز. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا كىرگىلى ئۇزۇن بولمىغان بەزى تېخنىكىلىق بۇيۇملار بار (مەسىلەن: تېلېفون ياكى كومپيۇتېر دېگەندەك)، بۇلارنى بىز ئۆز ئالدىغا «مەدەنىيەت بۇيۇمى» دېيەلمەيمىز. بۇ بۇيۇملار بىزنىڭ ئالاقە شەكلىمىزگە ۋە ھەتتا دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن بولغاچقا، بىز ئالاقە ۋە خەۋەرلىشىش مەدەنىيىتىمىزنى تىلغا ئالغاندا ئاندىن بۇ بۇيۇملارنىڭ مەدەنىيەتتىكى رولىنى سۆزلىيەلەيمىز.

### 2) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت:

مەدەنىيەتنىڭ ماددىي بولمىغان قىسمى يەنى ئۆرپ - ئادەت، قىممەت قاراش، ئېتىقاد، قائىدە، پرىنسىپ، ئەخلاق، تىل، سىمۋول قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز، مېھمان كۈتۈشتىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىمىز، قوشنىدارچىلىقتىكى قائىدىلىرىمىز، دىنىمىزغا بولغان باغلىنىشىمىز ۋە شۇنداقلا بەدەن تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن گۈزەل سالاملىشىشلىرىمىز... نىڭ ھەممىسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئىجتىمائىي ھاياتتا ماددىي مەدەنىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتكە قارىغاندا تېخىمۇ تېز ئۆزگىرىدۇ ۋە تېز تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما شەخسلەرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەتكە قارىتا قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىشى ئوخشىمىغاچقا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرگەن ماددىي مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈشى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. مەسىلەن: خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ياشلار ناتونۇش كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ھەتتا مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشىش ئەھۋالى كۆپەيگەن بولدى، ئەمما ئالاقە ۋاسىتىلىرىغا بولغان تەنقىدىي پوزىتسىيە چوڭلاردا ئېغىر بولغاچ، ياشلارنىڭ يەنىلا ئۆرپ - ئادەت بويىچە چوڭلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئەنئەنىۋى شەكىلدە تويلىشىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە. مەسىلەن: تېببىي تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەر خىل تۇغما كېسەللىكلەرنى

داۋالاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلىغىنى بىلەن، ئەمما بەزى ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلار سەۋەبلىك بەزى ئوپېراتسىيەلەرنى قىلغۇزۇش ئىستىكى بولغان كىشىلەر ئائىلىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە قوبۇل قىلالماسلىقىغا ئۇچراپ كەلمەكتە.

## مەدەنىيەت ئەندىكىشى:

بۇ ھادىسە شەخسنىڭ ئۆزى كۆنگەن مەدەنىيەت مۇھىتىدىن باشقا ناتونۇش بىر مەدەنىيەت مۇھىتىغا ئۆتكەن چېغىدا يۈز بېرىدۇ، يەنى كۆنگەن ئىجتىمائىي مۇھىتتىن باشقا ناتونۇش ئىجتىمائىي مۇھىتقا يۆتكەلگەندە شۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى بىلمىگەنلىكتىن شەخستە مەدەنىيەت ئەندىكىشى شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ياۋروپالىق دىنىسىز ئايال سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بارسا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كىيىنىشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت ئەندىكىشى ياشىشى مۇمكىن. بۇ ھادىسە پەقەت دۆلەت ئاتلىغاندىلا پەيدا بولمايدۇ، ئوخشاش بىر دۆلەتتە ياشاپ تۇرۇپمۇ يېزىدىن شەھەرگە بارغاندا، بىر شەھەردىن باشقا بىر شەھەرگە بارغاندا، ھەتتا بىر جامائەتتىن باشقا بىر جامائەتكە ئالماشقانلاردىمۇ يۈز بېرىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالساق، چەت ئەلگە يېڭى چىققان ۋاقىتلاردا بارغان دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغان ناتونۇش بولغانلىقتىن ھەممەيلەندە مەدەنىيەت ئەندىكىشى يۈز بەرگەن بولۇشى ئېنىق، ھەتتا تا ھازىرغىچە تۇرىۋاتقان دۆلىتىنىڭ تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ياخشى بىلمەسلىكى سەۋەبىدىن مەدەنىيەت ئەندىكىشىنى ياشاۋاتقانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.



ئۆتنداقتا ئىنسانلار مەدەنىيەت ئەندىكىشىنى قانداق يوق قىلىدۇ ياكى يوقتەك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ؟ دېگەندە، ئۆزىگە ئوخشاش مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئىجتىمائىيلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق. بۇنىڭغا مىسال ئالساق، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەدىن گېرمانىيەگە ئىشلەش ئۈچۈن بارغان تۈركلەر، ناھايىتى ئاز قىسمىدىن باشقىسى نە گېرمانچە ئۆگەنگەن نە ئىشىدا تەرەققىي قىلغان، ئەمما ئۆزى كۆنگەن مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئەندىكىشىگە تەسەللى تاپقان. مەسىلەن: تۈركىيەدىكى بىزدىمۇ بۇ ئەھۋال ئېغىر، ئەلۋەتتە، ئوخشاش ئىجتىمائىي گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنىڭ توپ بولۇپ ياشىشى بىزدەك ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن مەدەنىيەتنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمما مەدەنىيەت ئەندىكىشىنى بۇ خىل تاشپاقا مۆكۈنگەندەك ئۆز ئىچىگە مۆكۈنىۋېلىش ئارقىلىق يوقىتىش، كىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ، تەرەققىياتتىن كېيىن قالدۇرىدۇ. رەڭدار مەدەنىيەتلەرنى تونۇش بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، شۇڭا باشقا مەدەنىيەتلەرنىمۇ ياخشى تونۇش ھەم چۈشىنىش كېرەك. رەڭدارلىق ئىچىدە ئۆزلۈكنى ساقلاش كىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ توغرا تاللاش بولالايدۇ.

## مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم ئۇقۇملار:

### 1) يۇقىرى مەدەنىيەت:

گەرچە مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى يۇقىرى ۋە ياكى تۆۋەن دەپ ئايرىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى سىنىپىي پەرقتىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت، ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىتا جەمئىيەتتىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئىستېمال ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەتنى «يۇقىرى مەدەنىيەت» دەپ تونۇيمىز. جەمئىيەتتىكى پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش شەكلى، شۇغۇللانغان

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، سەنئەت ئەسەرلىرىگە تۇتقان ماددىي ۋە مەنىۋى پوزىتسىيىسىنى بىز «يۇقىرى مەدەنىيەت» دېيەلەيمىز. يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ھايات شەكلىنى كۆپلىگەن كىشىلەر ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن، ئەمما يۇقىرى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش شەكلى كۆپ ئىقتىساد كېتىدىغان، پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. مەسىلەن: بەزى خان جەمەتلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئالاھىدە پۇلدارلارنىڭ ھەر خىل ئېسىل زىياپەتلىرى، پەقەت پۇلدارلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوركېستىر يىغىلىشى، پۇلدارلارنىڭ ئۆزىگە خاس گولف توپ مەيدانلىرى ۋەھاكازالار ...

بىز ئۇيغۇرلار گەرچە ئىستېمال سەۋىيىسى جەھەتتىن جەمئىيەتتە سىنىپىي پەرق ياراتقان بولساقمۇ، ئەمما «باشقا چەت ئەل دۆلەتلىرىدىكىدەك بەك روشەن، چوڭ پەرقتە يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتتۇق» دېگەن قاراشنى مەن تازا توغرا كۆرمىدىم. ھازىر ۋەتەندە بەلكىم يۇقىرى مەدەنىيەت ئىستېمالى كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئايرىم ئىزدىنىپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا شەھەر ۋە يېزا ھاياتىدىكى تۇرمۇش ۋە ئىستېمال پەرقى چوڭراق بولغاچ، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى ھەم پۇلدار ھەم ئوقۇمۇشلۇق بەزى كىشىلەردە قىممەت باھالىق سەنئەت ئەسەرلىرىگە بولغان تەلەپ ۋە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ئېستېتىكىلىق زوق جەھەتتىن يېزىدىكى ئاددىي دېھقان بىلەن سېلىشتۇرغاندا شەكىللەنگەن پەرقنى بىز «يۇقىرى مەدەنىيەت» ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىشىمىز مۇمكىن.

## 2) مودا مەدەنىيەت:

يۇقىرى مەدەنىيەتنى پەقەت ئاز ساندىكى يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىلەرگە ئائىت دېدۇق. مودا مەدەنىيەت بولسا جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تەبىقىلەردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپلەپ قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت تىپىدۇر. يەنى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزى بىلىپ ياكى بىلمەي مودا مەدەنىيەتنى ياشاش شەكلىگە ئايلاندۇرىۋالىدۇ. مەسىلەن: ياشلار كۆرگەن كىنولىرىدىكى غەرب چولپانلىرىنىڭ ياكى كورىيە چولپانلىرىنىڭ كىيىنىشىنى ۋە ئېكراندا قويۇلغان ئىش - ھەرىكەت، ھەتتا گەپ سۆزىنى دورايدۇ ھەم ياشاش شەكلىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىقلاردا تۈركىيەنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، زىبۇزىننەت، ئۆي ئەشيالىرىنى دورايدۇ ۋە ئىمكان قەدەر ئەڭ يېڭى نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق مودىنىڭ كەينىدە قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

## 3) ھۆكۈمران مەدەنىيەت:

بىر جەمئىيەت ئوخشىمايدىغان قىممەت قاراشتىكى كىشىلەر ياكى گۇرۇپپىلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، ئەمما شۇ جەمئىيەتتە كۆپ سانلىق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ياكى ئاساسىي كۈچكە ئىگە بىر مەدەنىيەت مودېلى بولىدۇ. شۇ جەمئىيەتتە ئەڭ كۆپ تەرغىب قىلىنغان قىممەت قاراش ۋە ئەمەلىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت «ھۆكۈمران مەدەنىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: شەھەر ھاياتىدا «مودا مەدەنىيەت» ۋە «ئىستېمال مەدەنىيتى» «ھۆكۈمران مەدەنىيەت»كە ئايلانماقتا.

## 4) ئىككىلەمچى مەدەنىيەت:

جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيتىنى ئىنكار قىلمىغان



ئاساستا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ياشايدىغان ۋە قوغدايدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ مەدەنىيىتى «ئىككىلەمچى مەدەنىيەت» ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: پۈتبول مەستانىلىرىنىڭ ياراتقان ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتىگە قارشى ئەمەس، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ كۆلۈبلىرى، ئۆزگىچە پائالىيەتلىرى ۋە يىغىلىشلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۇيغۇر ياشلاردا پەيدا بولغان رەپچى مودا ئېقىم گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە يات بولغان ياشاش شەكىللىرى بار. كەڭ ۋە يىرتىق ئىشتان كىيىدۇ، چاچلىرىنى بومبا چاچ قىلىپ ياستىدۇ، بەدىنىگە ھەر خىل شەكىللەرنى چەكتۈرىدۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى رەت قىلمايدۇ، ئەمما ئۆز ئالدىغا بىر تۇرمۇش شەكلى ۋە پائالىيەتلىرى مەۋجۇت.

### 5) قارشى مەدەنىيەت:

جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران مەدەنىيىتىگە ئوچۇق - ئاشكارا قارشى چىقىدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان مەدەنىيەت تۈرى. ئىككىلەمچى كۈلتۈر بىلەن بولغان پەرقى دەل ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىشىدىدۇر. بۇ مەدەنىيەت تۈرى 1960 - يىللىرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ۋېتنام ئۇرۇشى يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا ئۇرۇشقا قارشى ياشلارنىڭ ھۆكۈمەت قارارلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈرلۈك قارشى چىقىش ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈچەيگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا، كاپىتالىزمغا ۋە ئىستېمال دولقۇنىغا قارشى ئىلمىي ۋە ئىبتىراپ قىلىنغان كۈچ شەكلىدە داۋام قىلماقتىدۇر.

### 6) كۆپ خىل مەدەنىيەت:

پەرقلىق مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئوخشاش جەمئىيەتتە ياشىشى «كۆپ خىل مەدەنىيەت»نى شەكىللەندۈرىدۇ. شەھەرلىشىشنىڭ ۋە يەر شارىلىششىنىڭ كېڭىيىشى مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇچرىشىش ۋە ھەمكارلىششىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئەھۋال ھازىرقىدەك تېخنولوگىيە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ كېڭەيمەكتە. «كۆپ خىل مەدەنىيەت» گەرچە مەدەنىيەتلەر ئالمىششى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئەۋزەللىك ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ خىل مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىشتىن كېلىپ چىققان بەسلىششىش ۋە زىددىيەتلىشىش ھادىسىسى ئاسان يۈز بېرىدۇ. شۇڭا كۆپ خىل مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى باشقىلارغا دەخلى قىلمىغان ھالدا ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشى ۋە توغرا پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: تۈركىيىدە ياشاۋاتقان بىزلەر تۈركىيەنىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ بىزدىن پەرقلىق بولغان ئىبادەت شەكلىنى، مېھمان كۈتۈش قائىدىلىرىنى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەرقلىق نۇقتىلىرىنى ئەيىبلىمەستىن توغرا يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشىمىز ئەۋزەلدۇر.

### 7) ئىستېمال مەدەنىيىتى:

«ئىستېمال مەدەنىيىتى» ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشى، ئىستېمال ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي قىممەتلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شەكىللەنگەن بىر ئۇقۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىستېمال مەدەنىيىتىنى ياشاۋاتقان ھەر بىر ئىستېمالچى ئۆزى بىلىپ ياكى بىلمەي كۆپىنچە ئەھمىيىتى ئاز بولغان، ھەتتا پايدىسىز ئىستەكلىرى ئۈچۈن ئىستېمالغا بېرىلىدۇ. باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلىق بولۇش مەقسىتىدە ئۆز` ئىستەكلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش قايىنمىغا چۈشىدۇ. «مودا» ئۇقۇمى ئىستېمال بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچ، توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىستېمالچىلاردا كونىسىدىن تېزلا زېرىكىپ يېڭىنى ئېلىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. بۇ سىستېما خۇددى ئۆز جايىدا توختىماي ئايلىنىدىغان چاققا ئوخشايدۇ. ئەپسۇس، ئىستېمال مەدەنىيىتى ئىستېمالچىلارنى قانائەتچان قىلمايدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالغا باشلايدۇ، خۇشاللىقنى ئىستېمال بىلەن تېپىش ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

## مەدەنىيەت ۋە ئۆزگىرىش:

ئۆزگىرىش بۇ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. مەدەنىيەتمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز ئالدىنقى بەتلەردە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتكە قارىغاندا تېخىمۇ تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدۇق. بۇ يەردە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە تەسىر قىلغان ئاساسلىق ماددىلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. زادى قايسى ئۇنسۇرلار مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ؟

## 1) يېڭى كەشپىياتلار ۋە يېڭى ئىجادىيەتلەر

بىر جەمئىيەتتە يېڭىدىن چىققان ئىجاتلار ۋە كەشپىياتلار شۇ جەمئىيەتتىكى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ماددىي مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ ئاستا - ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تېخنولوگىيەنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن بىزنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىمىزنى، ئاندىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزگەرتتى.

## 2) جەمئىيەتلەر ئارا، گۇرۇپپىلار ئارا مەدەنىيەت ئالمىشىشى ۋە تەسىرلىشىشى

تېخنولوگىيەنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى، ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىللە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر مەدەنىيەتلەر ئارا ئۇچرىشىش، تەسىرلىشىش ۋە ئالمىشىشقا يول ئاچتى، بۇ سەۋەبلىك مەدەنىيەت ئۆزگىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

## 3) جۇغراپىيىلىك ھەرىكەتلەر يەنى كۆچۈش

ئىنسانلار بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە كۆچكەندە ئەسلىدە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت مۇھىتىدىن باشقا مەدەنىيەت مۇھىتىغا كىرىدۇ. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مۇھىت شەخسنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: ياۋروپاغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھەتتا دۇنيا قاراشلىرى ۋەتەندىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ئوخشىماسلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

## 4) ئاسسىمىلياتسىيە

بۇ ئۇستىدە دېيىلگەن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان ئۇنسۇرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ بىر مەجبۇرىي مەدەنىيەت ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدۇر. ئىشغالچى كۈچلەرنىڭ ئىشغالىيەت ئاستىدىكىلەرگە ئېلىپ بارغان تىل، دىن، مائارىپ قاتارلىق پۈتۈن ساھەلەردە ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدۇر. تارىختا قارايدىغان بولساق، ئافرىقا، ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچرىغاندۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز _ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇرلار خىتتاي كۈچلىرى تەرىپىدىن سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچرىماقتىمىز. چۈنكى بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ئەسلىدە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەتنى يوق قىلىشنىڭ بىر يولىدۇر.

## مەدەنىيەت قانداق يوقىلىدۇ؟

بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۇنسۇرلار تىل، دىن، قىممەت قاراش، ئەخلاق، پرىنسىپلىرى، قائىدە - نىزاملار ۋە شۇ مەدەنىيەتنىڭ تارىخىغا يۇغۇرۇلغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ماددىي ئەسەرلەر ۋە ئاسارىئەتىقىلەر بولۇپ، بۇلار شۇ مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىسا، ئىشلىتىلمىسە، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلمىسە ياكى ئىككىلەمچى مەدەنىيەت سۈپىتىدە چەتكە قېقىلسا، ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارىيىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىنىدۇ -دە، بىر مەدەنىيەت ئاستا - ئاستا يوقىلىش گىردابىغا بارىدۇ. دېمەك، ھەربىر شەخس ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر كۆۋرۈك، ئەگەر شەخس ئۆزى تەئەللۇق بولغان مەدەنىيەتنىڭ ھەربىر تەركىبىي قىسمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆزلەشتۈرمىسە ياكى ياشاتمىسا، ئەمەلىيەتتە، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان بولىدۇ.

يەر شارىلىشىش دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىشىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە ھەربىرىمىز چوقۇم ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ياشىتىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشىشىمىز كېرەك. شۇندىلا تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ماددىي ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئۆز خاسلىقىمىزنى يوقىتىپ قويمايمىز، ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ ۋە مودا مەدەنىيىتىنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالمايمىز.

## مەنبەلەر:


1) Giddens, A., Özel, H., & Güzel, C. (2000). Sosyoloji. Ayraç Yayınevi.


2) Özkalp, E. (2005). Sosyolojiye giriş (Genişletilmiş 13. Basım). Ekin Kitabevi Yayınları, Bursa.

3) Zencirkıran, M. (2016). Sosyoloji. Baskı, Bursa: Dora.

# فيودور مىخايلوۋىچ دوستويېۋسكىي نىڭ

«جىنايەت ۋە جازا» ناملىق مەشھۇر رومانىنى نىھايەت ئوقۇپ تۈگەتتىم. سېپى ئۆزىدىن رۇس ئەدەبىياتى ھەۋەسكارى بولساممۇ، نېمىشقىدۇر دوستويېۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. دوستويېۋسكىدىن ئەيمىنەتتىم. ئۇنىڭ رېئاللىقنى قېپيالىڭاچ ھالەتتە ئوقۇرمەنلەرگە كۆرگەزمە قىلىشى، ئەسەرلىرىنىڭ ھەربىر قۇرىغا يوشۇرۇلغان چۈشىنىش تەس، تىلى ئېغىر ۋە سىرلىق تەسۋىرلىرى، ئۆزىنى نارازى قىلغان كۆز - قاراش ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ئاستىرتىن ئىپادىلىگەن مەسخىرىۋازلىقلىرى ئوقۇرمەنلەردىن يۇكسەك دەرىجىدىكى سەگەكلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە مەلۇم دەرىجىدە پسىخولوگىيە بىلىمىگە ئىگە بولۇشنىمۇ تەلەپ قىلاتتى. ئىنچىل تۈردە دوستويېۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلاتتىم. رۇس يازغۇچىلىرى ئارىسىدا مەن ئەسەرلىرىنى ئەڭ كۆپ ئوقۇغان ئىككى داھىي _ ماكسىم گوركىي ۋە تولستوي ئىدى. ماكسىم گوركىينىڭ «چايكا»، «دانكونىڭ يۈرىكى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىلگىرى ۋەتەندىكى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىمىزگىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا ماكسىم گوركىينىڭ تىلى ماڭا ھەر زامان قەدىناس ۋە تونۇش ھېس بېرەتتى. تولستوينىڭ «ئىنسان نېمە بىلەن ياشايدۇ» ناملىق ئەسىرىنىڭ ماۋزۇسى «بىر ئادەمگە قانچىلىك يەر لازىم» غا ئۆزگەرتىلىپ دەرسلىكىمىزگە كىرگۈزۈلگەنىدى. (مەنچە بۇ ئەسەرلەرنى چەت ئەلدە نەشر قىلىنغان ئانا تىل دەرسلىكلىرىمىزدىمۇ قوللىنالايمىز.)

ئالېكسېي ماكسىموۋىچ پېشكوۋ _ ماكسىم گوركىينىڭ ئەسلىي ئىسمى بولۇپ،«گوركىي» تەخەللۇسى رۇسچىدا «ئاچچىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ماكسىم گوركىي كىچىكىدىنلا مۇشكۈل



بىر ھاياتنى باشتىن كەچۈرگەچكە (بۇ كەچۈرمىشلەرگە ماكسىم گوركىينىڭ «باللىقىم»، «كىشىلەر ئىشىكىدە»،«مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم» قاتارلىق ئۈچ قىسىملىق تىرىلوگىيىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق شاھىت بولالايمىز.) ئەسەرلىرىدە ھەر دائىم ئىشچى سىنىپىنى ياقىلايتتى. تولستويچۇ؟ تولستوي ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كەلگەن بولۇپ، دوستويېۋىسكى تولستويغا دارتىملىق بىر شەكىلدە: «مەن ئەسەرلىرىمنى سارايلاردا ئولتۇرۇپ يازمايمەن.» دېگەنىدى. تولستوينىڭ ئەسەرلىرىدىن («ئىچىمىزدىكى شەيتان»، «تۆۋە قىلغان گۇناھكار» ۋەھاكازالار...) ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا «تەكرىنى ئىزدەش» نىڭ پېشىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنى ماكسىم گوركىيمۇ تولستوي ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

دوستويېۋىسكىغا كېلەيلى. تولستوي، ماكسىم گوركىي، دوستويېۋىسكى قاتارلىق يازغۇچىلار گەرچە رۇسىيەنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى بولسىمۇ، لېكىن مەن دوستويېۋىسكىنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاكقا بەكرەك ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بالزاكنىڭ «گورىيو بوۋاي» ناملىق رومانى بىلەن دوستويېۋىسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» رومانىدا روشەن دەرىجىدە ئوخشاشلىقلارنى بايقىدىم. ئەمەلىيەتتە، رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى زور دەرىجىدە فرانسۇز تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، رۇس ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن فرانسۇزچە پاراڭلىشىشى، پۇشكىن ۋە تۇرگىنىۋنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن فرانسۇزچە شېئىر ۋە دىئالوگلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر. «گورىيو بوۋاي» 1819 - يىلى، «جىنايەت ۋە جازا» 1866 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پۈتۈن بىر دەۋر، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرەتتى. بالزاك رومانىنى پارىژنىڭ نامراتلار مەھەللىسىگە جايلاشقان كىچىككىنە بىر ئۆتەڭدىن باشلىسا، دوستويېۋىسكى نامرات بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن باشلايدۇ. ۋەقەلىكلەرمۇ تەدرىجىي ھالدا چىرىك فېئودال جەمئىيەت، يىمىرىلىشكە يۈز تۇتقان ئائىلىلەر، ئىنسان مۇناسىۋەتلىرى، پسىخولوگىيىدىن تارتىپ تارقىلىشچان كېسەللىكلەرگىچە كېڭىيىدۇ.

بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن چىنلىقنى دوست تۇتقان، خەلق تەرەپدارى، قەتلىئام ۋە ئېكسپلاتاتسىيىلىرىگە قارىتا ئۆز دۆلىتىنى ئەمەس، بەلكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى ياقىلايدىغان يازغۇچىلارغا قايىل بولماي تۇرالمايمەن. دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق تەرىپىدىن ئۇنتۇلماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ھەقنى ياقىلىغانلىقىدىن دەپ ئويلايمەن. ئۆمەر ھەييام ساناقسىز ئوردا شائىرلىرى ئارىسىدىن قانداق قىلىپ كۈنىمىزگىچە ئۇنتۇلماي كەلدى؟ روھنى ئۆلتۈرگۈچى، ياسالما مەدھىيىلەر بىلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە پادىشاھنى مەدھىيىلىمەستىن، ئۆتكۈر مۇشائىرىلىرى بىلەن خاننىڭ بەزى يولسىزلىقلىرىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن. ماكسىم گوركىي بۇ سەۋەبتىن چارپادىشاھ تەرىپىدىن ئىتالىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ستالىن تەختكە چىققاندىن كېيىن تەكرار رۇسىيىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. دوستويېۋىسكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئاخىرىدا تۈرمىدە يېتىش ئارقىلىق جازالاندۇرۇلغان... شۇنىڭغا ئوخشاش مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن رۇس يازغۇچىلىرىنىڭمۇ بۈگۈنكى ئۇرۇش - نىزا، يادرو قۇراللىرى جېڭى، ۋاباغا تولغان دۇنيادا ئادالەتنى ۋە مەزلۇملارنى ياقىلايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن. مېنىڭچە ئۇلار تەڭداشسىز قەلەم كۈچى ۋە ئىنسانىيلىققا تولغان قەلبى بىلەن بۇ دەۋردىكى زۇلۇملارنى كۆرمەسكە سېلىۋالمايتتى. ئىنسانلارنى ۋىجدان ۋە ئەخلاق ساھىبى بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. دوستويېۋىسكى«جىنايەت ۋە جازا» رومانىدا ئىنساندىكى ۋىجدان تۇيغۇسى ۋە ئىنسان روھىيىتىدىكى زىتلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان. باش پېرسوناژ راسكولنىكوۋنىڭ



جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى گۇناھكارلىق تۇيغۇسى، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇرۇقلۇق يوقسۇللارغا كۆرسەتكەن مەرتلىك ۋە ياردەمسۆيەرلىكى، سۋىدرىگايلوفنىڭ رەھىمسىز ۋە سەلبىي پېرسوناژ تۇرۇقلۇق روماننىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئىنسان روھىيىتىدىكى زىتلىقنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «جىنايەت ۋە جازا» رومانىنى 21 - ئەسىردىكى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ ئىنساننى ئىنسانىيلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئۇشبۇ پەيتلىرىدە ئوقۇش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

## روماننىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

تىرىشچان، ئەمما يوقسۇل ئائىلىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى رودىئون رومانوۋىچ راسكولنىكوۋ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئانىسى ۋە سىڭلىسىمۇ ماددىي قىيىنچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. راسكولنىكوۋ پۇلدار ئەمما مال - مۈلكىنى توغرا يولغا ئىشلەتمەي، جەمئىيەتتە پارازىت ھالىتىدە ياشايدىغان ئىنسانلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۆزى دائىم نەرسىلىرىنى رەنىگە قويغىلى بارىدىغان ئۆيدىكى ئايال خوجايىننى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ئارقىلىق يوقسۇل ئىنسانلارغا ياردەم قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ جىنايەتنى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن خوجايىن ئايالنىڭ سىڭلىسىنىمۇ چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قاتىللىق ئايلانغاندىن كېيىن تەسۋىرلىگۈسىز ۋىجدان ئازابى چېكىدۇ، قورقىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆزى سۆيگەن قىز سونيىگە ئېيتىپ بېرىدۇ. سونيىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ ۋە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. رومان ـ جىنايەتنىڭ ئۇقۇمى، جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللار، غورۇر، ۋىجدان ئازابى ۋە سۆيگۈنىڭ ئىنساندا ياراتقان ئىجابىي تەسىرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بايان قىلغان شاھ ئەسەردۇر.

## ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى

ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەتتە تۈگۈن، راۋاج، كۇلمىناتسىيە،يېشىم شەكلىدە يېزىلىسىمۇ، مەن «جىنايەت ۋە جازا» روماننىڭ تۈگۈن،كۇلمىناتسىيە، راۋاج، يېشىم شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى رومان راسكوفنىكوۋنىڭ قاتىللىق قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. راسكولنىكوۋ روماننىڭ بېشىدىلا ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىمىگەنلىكتىن ساقچىخانىغا چاقىرتىلىدۇ. مارمىلادوفنىڭ(سونيىنىڭ دادىسى) ئۆلۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. روماننىڭ كىشىنى ئەڭ كۆپ ئويلاندۇرىدىغان، ھاياجانغا سالىدىغان قىسىملىرى دەسلەپكى بۆلۈملىرى بولۇپ، كېيىنكى بۆلۈملەردە راسكولنىكوۋ پەقەتلا گۇناھكار، ئەمما ھېسسىياتسىز بىر كىشىگە ئايلىنىدۇ. ئارىدا بەزى ۋەقەلىكلەر غىل - پال يۈز بەرسىمۇ، لېكىن رومان ئوخشاش رىتىمدا راۋاجلىنىدۇ. رومانىدا تەسۋىر، ۋەقەلىكلەردىن بەكرەك دىئالوگلارغا ئەھمىيەت بېرىلگەن.

## پېرسوناژ تەسۋىرى

ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، «جىنايەت ۋە جازا» رومانى بىلەن «گورىيو بوۋاي» رومانىدا ئۇرغۇن روشەن ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ، بۇلار پېرسوناژ تەسۋىرى ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ھەر ئىككى رومانىدا فېئودال جەمئىيەتنىڭ چارىسىز قۇربانلىرى، پارىخور ساقچىلار، كۆزلىرى ياشاڭغۇرىغان ئايالىلار، رەھىمسىز مېھمانخانا خوجايىنلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. «جىنايەت ۋە جازا» رومانىدىكى باش پېرسوناژ راسكولنىكوۋ ۋە «گورىئو بوۋاي» رومانىدىكى باش پېرسوناژ راستىنياك ئىككىلىسى چىرىكلەشكەن جەمئىيەتتىكى قايمۇققان ياشلارنىڭ سىمۋولىدۇر. رومانىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ كەسكىن ئايرىلىشى بىلەن بىرلىكتە بەزى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇجمەللىكى ئوقۇرمەنلەرنى ئويلاندۇرىدۇ. سۋىدرىگايلوفقا ئىنچىل تۈردە سەلبىي پېرسوناژلار قاتارىدىن ئورۇن بەرگەنىدىم، ئەمما روماننىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ئىئانە قىلىشى ۋە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈۋېلىشى بۇ قارىشىمنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى ۋىجدان تۇيغۇسى ۋە ۋىجدان ئازابى سەلبىي پېرسوناژلاردا كۆپ ئۇچرىمايتتى.

## مۇھىت تەسۋىرى

راسكولنىكوۋنىڭ پۈتنى ئۆزاتسا ئىشىككە تاقىشىپ قالىدىغان تار ھۇجرىسى، قىستاڭچىلىقتا تولغان مۇساپىرخانا، سونيىنىڭ ئائىلىسى ياشايدىغان «ئۆتەڭ»، سونيىنىڭ

راسكولنىكوۋ بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنى تام خوشىنىسى سىۋىدرىگايلوف ئاڭلاپ قالالىغۇدەك دەرىجىدىكى زەيكەش ئۆيى «گورىئو بوۋاي» رومانىدىكى «ۋوكېر مېھمانخانىسى»غا ناھايىتى ئوخشايتتى. رومان كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان كۇلرەڭ پېتېربۇرگ ئاسمىنىنىڭ، پاتقاقلىق كوچىلارنىڭ، بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىۋاتقان ۋە ھاقارەت ياغدۇرىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ پورترېتىنى ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتى.

## پسىخىك تەسۋىر

رومانىدا پۈتۈن ئىنسانلارغا نەپرەت ۋە گۇمان بىلەن قارايدىغان گۆرۈكەش ئايال، دۇرۇس، ئاقكۆڭۈل؛ ئەمما «ۋاقىتلىق ئەسەبىيلىشىش(ۋە ياكى ئەقلىنى يوقىتىش) كېسىلى» بىلەن قاتىللىق قىلغان راسكولنىكوۋ،گۆرۈكەش ئايالنى ئۆلتۈرمىگەن تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىدە چىڭ تۇرغان بوياقچى مىتكا، سونيەنىڭ يانچۇقىغا پۇل يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا «ئوغرى» دېگەن بەتنامنى چاپلىماقچى بولغان لۇژىن،تۇرلۇك گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلۈم بىلەن جازالىغان سىۋىدرىگايلوف ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار روھىي ھالەتلەر تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئەسەبىلىرى بۇزۇلغان،چۈشكۈن ئىنسانلارنىڭ نورمالسىز روھىي ھالەتلىرى ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

# خاتىمە

تۈن نىسپى. ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا كۆرگەن چۈشۈمدە تونۇش راسكولنىكوۋ ئارىسالدى بىر ھالەتتە تۇراتتى. ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇ ماڭا خۇددى مېنى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيدىغاندەك قارىدى ۋە: «ئەگەر بۇ دەۋردە ياشىسام، يەنە قاتىللىق قىلارمەنمۇ؟» دەپ سورىدى. مەنمۇ ئارىسالدى بولدۇم. «ھەئە» دېسەم ئۇ رومانىدىن بەكرەك چۈشكۈنلىشىپ كېتەتتى، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ۋىجدانسىز ۋە جەمئىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىنسانلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇ پەيتتە دۇنيانىڭ ئاتالمىش ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى دەل راسكولنىكوۋ نەپرەتلىنىدىغان ئىنسانلار ئىدى. راسكولنىكوۋ دېلىغۇل قىياپىتىمدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدى بولغاي، ئۈمىدسىز بىر ھالدا يېنىمدىن ئايرىلدى.

بىردىنلا تۇمانلار ئىچىدىن بالزاكنىڭ گورىيو بوۋىيى چىقىپ كەلدى، تارتىنغان ھالەتتە: «خېنىم،مەن ئۆگرە تىجارىتى قىلىمەن. ئالدىنقى ھاياتىمدا ئاقسۆڭەككە ياتلىق بولغان قىزلىرىم بىلەن ئارمىزدىكى تەبىقە پەرقى تۈپەيلىدىن بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرەلمىدىم. سىزنىڭچە بۇ دەۋردە قىزلىرىم بىلەن بەختىيار ياشاش بىسىپ بولارمۇ؟» دەپ سورىدى.

«ھازىر ئائىلىسى بىلەن بەختىيار ياشاشنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە» دېگۈم كەلدى – يۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. دەل شۇ چاغدا يەردىن ئۈنگەندەكلا دوستويېۋىسكى پەيدا بولدى. گورىيو بوۋاي ۋە راسكولنىكوۋنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن <بۇ ئىككى تەنتەككە يېگى دەۋرنىڭ ۋاي دېگۈچىلىكى يوق،گۆرۈڭلاردا تىنچ يېتىڭلار> دېسەم قايىل بولۇشمىدى. خۇش خەۋەر ئاڭلىدىڭلارمۇ تەنتەكلەر؟» دېدى چاقچاق ئارىلاش كايىپ.

دوستويېۋىسكىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزۈمنى تۇتالماستىن سوئاللارنى ياغدۇرىۋەتتىم. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا ھەممەھىرلەش ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈپمۇ ئۈلگۈردۈم. دوستويېۋىسكى ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتلىرىم قىلچە غەلىتە بىلىنمىدى. ھەممە ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋەرداردەك قىلاتتى. رەسىملەرنى ھەممەھىرلەپ بولۇپ، دوستويېۋىسكىدىن ئاخىرقى سوئالىمنى سورىدىم.

_ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانىڭىزنىڭ ئاخىرىدا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىن يۇقۇملۇق ۋابانىڭ تارقىلىپ نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ، ساراڭ بولغانلىقىنى بايان قىلىپتىكەنسىز، ھازىرمۇ شۇنداق. ھازىرقىسى تېخىمۇ بەتتەر،ئىنسانلار ئۆلۈۋاتىدۇ. ئەڭ ھەيران قالارلىقى بۇ ۋابامۇ ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىن چىقتى. سىز بۇلارنى شۇ چاغدىلا بىلەمتىڭىز؟!

دوستويېۋىسكى جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە بىر تەرەپتە تۇرغان گورىيو بوۋاي ۋە راسكولنىكوۋ تەڭلا سورىدى:

_ دېمەك ئەھۋال يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشكەندە!

_ ئەپسۇس، ئوخشاش. دەپ جاۋاب بەردىم مەيۈس ھالەتتە.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.



قۇملۇق يولۋىسى

مۇجاھىدلار ئۆلگىسى

# ئۆمەر مۇختار

فىلىم تەسىراتى

ئابدۇمىجىت ئەركىن

سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى، گېزىتچىلىك كەسپى ئوقۇغۇچىسى

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە ئۆزگىرىشكە تولغان بىر دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. ياۋروپادىكى بىر قانچە سانائەت دۆلىتىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكنى مەقسەت قىلغان مۇستەملىكە ئۇرۇشى ۋە بۇ مۇستەملىكىگە قارشى ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ كۆرەشلىرى مەيدانغا كەلدى. بەزى دۆلەتلەردە خەلقنىڭ فېئودال ھاكىمىيەت، زالىم پادىشاھقا قارشى خەلق ئىنقىلابى يۈز بەردى. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ دەۋردە دۇنيا ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، نۇرغۇن كونا ھاكىمىيەت ۋە دۆلەتلەر يوقۇلۇپ، يېڭى دۆلەت، ھۆكۈمەتلەر بارلىققا كەلدى. دۇنيا خەرىتىسى يېڭىدىن سىزىلدى.

بۇ فىلمدە لىۋىيە خەلقىنىڭ 1911 - يىلى ئۆز ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۆمەر مۇختار باشچىلىقىدىكى 20 يىللىق ئىنقىلابى(جىھادى) نىڭ 1929 - يىلدىن 1931 – يىلدىكى ئۆمەر مۇختارنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان 2 يىللىق جەريانى تىپىك ۋەقەلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

فىلمدە 10 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىمۇ زامانىۋى ئارمىيە بىلەن لىۋىيەنى بويسۇندۇرالمىغان ئىتالىيە پادىشاھى مۇسسولىن ئۆزى قابىلىيەتلىك دەپ قارىغان گېنېرال گىرىتسىيانىنى ئۆمەر مۇختارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. گىرىتسىيانى لىۋىيەگە كېلىپ، ئەسكەرلەر نىڭ ئۆمەر مۇختارنى كۆرۈپمۇ باقمىغانلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. ئۇنى تۇتۇشقا زەمبىرەك، تانكا بىلەن قوراللانغان بىر گۇرۇپپا ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ.

ئۆمەر مۇختار ئۇلارنى قۇملۇقتا باشلاپ كېلىپ قاپقانغا دەسسىتىدۇ. قۇمغا يوشۇرۇنغان بىر گۇرۇپپا مۇجاھىدلار ئىتالىيە ئەسكەرلىرى يېقىنلاشقان ھامان ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تانكىلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تەلتۆكۈس غەلىبە قىلىدۇ. ئۆمەر مۇختار ئىتالىيە بايرىقىنى گېنېرال گىرىتسىيانىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. گىرىتسىيانى يۈزمۇيۈز ئۇرۇشۇپ، ئۆمەر مۇختارنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ھىيلە ئىشلىتىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۆمەر مۇختار بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۈلھى ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇپ ئىتالىيەدىن ئەسكەر، تانكا، جەڭ ئايروپىلانى، زەمبىرەك قاتارلىقلارنى يۆتكەيدۇ.

ئۆمەر مۇختار ئىتالىيەنىڭ سۈلھىدىكى ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، قىلچىلىكمۇ يول قويماي ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرىدۇ. گېنېرال گىرىتسىيانى ئۆمەر مۇختارنى خەلقىدىن ئايرىۋەتمىسە غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۆمەر مۇختارنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن يىغىۋېلىش لاگېرى قۇرۇپ خەلقنى لاگېرغا سولايدۇ، ئېتىزلىقلارغا ئوت قويۇۋېتىدۇ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق تىكەنلىك سىم توسۇق بەرپا قىلىپ ئۆمەر مۇختارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىدۇ.

خەلقتىن، ئاشلىقتىن ئايرىلغان، چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەن ئۆمەر مۇختار ئۆمىد ئۈزمەي قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىدۇ. كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. دۈشمەننىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتلىتىۋېتىدۇ. ئەسەبىيلەشكەن دۈشمەن جەڭدە زەھەرلىك گاز ئىشلىتىپ مۇجاھىدلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ. مۇجاھىتلار ئات، مىلتىق، ئەنئەنىۋى پارتلىتىش دورىلىرى بىلەن جۇغراپىيەلىك شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، زامانىۋى قورال كۈچىگە ئىگە تاجاۋۇزچىلارغا بويۇن ئەگمەي جىھاد قىلىدۇ.

بىر تاغقا قاپسىلىپ قالغان ئۆمەر مۇختار ۋە سەپداشلىرى نەچچە كۈن جاپالىق جەڭ قىلىپ، بىر - بىرلەپ شېھىت بولىدۇ. ئۆمەر مۇختارنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ، يىقىلىپ قولغا چۈشىدۇ.

قولغا چۈشكەن ئۆمەر مۇختار ھېچ قايغۇرمايدۇ. كۈچلۈك ئىمانى بىلەن دۈشمەنلەر ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرۈيدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ شەرتىگە كۆنسە، راھەت تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدىغانلىقىدەك ۋەدىلىرىگە ئالدانماي ئۆلۈمنى تاللايدۇ. بۇ جىھادنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن توگەپ قالمايدىغانلىقىنى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتىدۇ. ئۆلۈمى بىلەنمۇ دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى 20 يىل پاراسەت، تاكتىكا، كۈچلۈك ئىمان ۋە جىسمانىي كۈچ بىلەن ئۈنۈملۈك جىھاد قىلغان ئۆمەر مۇختار 1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەلقى ئالدىدا دارغا ئېسىلىپ شېھىت قىلىنىدۇ.

ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىمان، ئەقىل - پاراسەت ھەم

جىسمانىي قۇۋۋەت بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى جىھاد قىلغان ئۆمەر مۇختار خەلقىنىڭلا ئەمەس، دۈشمىنىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە، قايىللىقىغا ئېرىشتى. ئۆمەر مۇختار ۋاپات تاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن تەسىرلەنگەن، ئوزۇق ئالغان لىۋىيە خەلقى كۈرەشنى يەنە 20 يىل داۋاملاشتۇرۇپ 1951 - يىلى مۇستەقىللىقكە ئېرىشتى.

## فىلمدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەردىن بىر قانچىسى:

1) ئىتالىيە ئەسكەرلىرىنىڭ بىر يېزىغا بېسىپ كىرىپ قىلمىغان ئەسكىلىكىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرگەن بىر ياش ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، مۇجاھىتلار سېپىگە قوشۇلىدۇ ۋە ئۆمەر مۇختارنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆمەر مۇختارنىڭ ئېتىغا ئوق تەگكەندە، ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ ۋە بىللە مىنىشكە ئۇنىماي ئۆمەر مۇختارنىڭ قۇتۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ دۈشمەننىڭ قىيىن - قىستاقلىرىغا چىدايدۇ. ئۇلارنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئالدانمايدۇ.

2) لاگېردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ يەيدىغان ئاشلىقىنى ئاز - ئازدىن يىغىپ مۇجاھىتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلايدۇ ۋە بۇ سەۋەبلىك دارغا ئېسىلىدۇ.

3) ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن قىلغان سۆلھى ئۇچرىشىشلىرىدا ئۆمەر مۇختار خەلقىنىڭ مەنپەئەتىدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمەيدۇ، كۈرەشتىن ۋاز كەچمەيدىغىنىنى، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقارغۇچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ، دۈشمەنگە باش ئېگىدىغان سۆلھىنى تۈزمەيدۇ.

4) ئىتالىيە ئارمىيىسى ئەۋەتكەن خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەسلىم بولۇش تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!» دەپ ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

5) مۇداپىئە ئۇرۇشىدا، مۇجاھىدلار جەڭدىن قاچماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن پۇتى بىلەن تىزىنى باغلاپ، تۇرغان يېرىدە جان ئۈزگەنگە قەدەر جەڭ قىلىدۇ.

فىلمدە ئۆمەر مۇختارنىڭ پاراسەتلىك، ئېغىر - بېسىق، ئاددىي - ساددا، چىقىشقاق، خۇشخۇي مىجەز - خۇلقى، سەپداشلىرىدىن يوشۇرۇن ئىش قىلمايدىغانلىقى، پىلانسىز ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقى، مۇجاھىتلارنىڭ بولسا ئىتائەتچان، چىدامچان، ئىمانىغا، جىھادىغا سادىق ئىكەنلىكى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغانلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، ئۆمەر مۇختار ماددىي جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ تىك ئۇچار، تانكا، زەمبىرەك ۋە خىمىيىۋى قورالىرىغا قارشى ئات، مىلتىق ۋە ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن يىگىرمە يىل ئۇرۇش قىلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر مۇختار باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك ئىمان - ئېتىقادى بىلەن، «قۇۋۋەت ھەقتىدۇر، ئادالەتتىدۇر» دېگەن دەستۇرنى يېتەكچى قىلىپ بار شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىدۇ. ئەۋلادلىرىغا ھۆر بىر ۋەتەن قالدۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ.

بۇ فىلمنى كۆرگەندە، كۆڭلىمىز ئىختىيارسىز ئەينى ۋاقىتتا ۋەتىنىمىزدە بولغان كۈرەشلەرنى ئەسلەيدۇ. بىزدىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەككە ۋە كوللېكتىپ جىھادىي كۈرەش مەيدانىغا كېلىدۇ. جۈملىدىن 1911 - يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە، خوجنىياز پالگان باشچىلىقىدا زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى جىھاد باشلىنىدۇ ۋە قىسمەن غەلىبە قىلىدۇ. 1912 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ۋەكىلى بولغان يۈەن داخۇا ئاقچۇق سېپىدا جەڭچىلەردىن ئېغىر زەربە يەپ، ئۆز مەھەللىسىگە تىكىۋېتىدۇ.

قۇمۇلدا ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تۆمۈر خەلپە نېمە قىلىشنى ئويلىشىپ بولغۇچە ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمران ياڭ زېڭشىن ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتىدۇ. تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ بىللە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. كۆپىنى كۆرمىگەن تۆمۈر خەلپە تۇڭگان لى شى فۇنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشىغا ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. تەخمىنەن بەش ئايدىن كېيىن ھىيلىگەر

يـاڭ زېڭشـن تەرىپىدىـن ئالدىنىـپ  ھاياتىدىن ئايرىلـدى.

تېخىمـۇ ئەپسۇسـلىنارلىقى شـۇكى تۆمـۈر خەلپىنىـڭ يېقىنـى بولغـان، تۆمـۈر خەلپىنـى ئۈرۈمچىگـە بېرىشتىن توسقان مەرگەن خوجىنياز ھاجى 18 يىلدىن كېيىن قايتا ئىنقىلاب قوزغايدۇ ۋە بىر قاتار غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، ئەمما 1933 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، يەنە شۇ خىتتايلارغا ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ قۇرۇق مەنسەپكە ئولتۇرىدۇ ۋە ئۈچ يىل ئۆتمەي تۆمۈر خەلپىنىڭ قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاجىئەلەر بىزنىڭ تارىخىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىر قانچىسى: نەزەر دائىرىسى تار بولۇش، دۈشمەننى ياخشى تونۇماسلىق، ئىنقىلاب غايىسى ئېنىق بولماسلىق ياكى ئىرادىسى مۇستەھكەم بولماسلىق، تەڭسىز سۈلھى - سالاچىلىق قىلىش، شەخسىي مەنپەئەت، نام - ئابرۇينى خەلق مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىش، پىلانلىق تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشقا سەل قاراش قاتارلىقلار.

بىزمۇ زالىملارغا، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق كۈرەش قىلدۇق، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز شېھىت بولدى، تارتمىغان جاپالىرىمىز قالمىدى. ئەپسۇس، نادانلىقىمىز، بىغەملىكىمىز، سىياسەتنى ياخشى بىلمەسلىكىمىز، دۈشمەننى ياخشى تونۇماسلىقىمىز، ھۆرلۈكنىڭ قۇللۇقتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىمىز تۈپەيلى ئىنقىلاب - جىھاد مېۋىمىزنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويغان ئىدۇق.

خۇلاسە شۇكى، بىز خىتتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىمىزدە دۈشمەننى ئېنىق تونۇشىمىز، ئۇزۇل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇشىمىز، شېكەر يالىتىلغان سۈلھى - سالالاردىن يىراق تۇرۇشىمىز، سىياسەتنى ياخشى چۈشىنىشىمىز، غايە - نىشاننى ئېنىق بەلگىلىشىمىز، قائىدە پرىنسىپ، ئىلمىيلىك، مىللىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىشىمىز، مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز، دەۋايىمىزدا سەمىمىي بولۇشىمىز، قېرىنداشلىق، بىرلىك ئاساسىدا دۈشمەنگە قارشى ئۇيۇل تاش بولۇشىمىز، ئۆمەر مۇختارغا ئوخشاش قابىلىيەتلىك داھىي ياكى تەشكىلاتنىڭ ئارقىسىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، نەپسى - خاھىشىمىزغا ئەگىشىشتىن، ئىچكى زىددىيەتتىن ساقلىنىپ، ھۆرلۈك ئۈچۈن جىھادقا ئاتلىنىشىمىز لازىم.

ئۆمەر مۇختاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ۋاقتى كەلسە ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئاددىي بىر جەڭچى بولۇش، قابىلىيىتى بولسا يېتەكچى بولۇش قاتارلىقلار.

ئۆمەر مۇختار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان بولۇپ، دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن كىتابنى تاشلاپ قولىغا قورال ئالدى ۋە خەلقنى تەشكىللەپ جىھاد قىلدى. ئىلگىرى ئۆگەنگەن جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ياخشى قوللىنىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى. ئۆمەر مۇختار چېنىقىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرگەچكە دۈشمەن كەلگەندە قولىغا قورال ئالالىدى.

تارىخىمىزدىكى بەزى ئۆلىما - زىيالىيلىرىمىزغا قارىساق، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە بىر مۇشتىمۇ ئاتالماي قولىغا چۈشكەنلىكىدەك پاجىئەلەرنى كۆرىمىز. شۇڭا ئۆلىما - زىيالىيلىرىمىزمۇ چېنىقىشقا، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ۋاقتى كەلگەندە قولىغا قورال ئالالايدىغان، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى لازىم.



# ئەركىنلىك

رىياد سالىھ
ھۈسەيىن
(ئەرەبىستان)

نېمە ئەھمىيىتى ۋارقىرىغانلىقنىڭ؟!
ئاۋاز چىشنى يېرىپ چىقالمىسا!
نېمە ئەھمىيىتى يىغلىغانلىقنىڭ؟!
يېشىڭنى قۇرۇتقىدەك قولياغلىقىڭ بولمىسا!
نېمە ئەھمىيىتى يوللارنىڭ؟!
تۆمۈر كىشەنگە باغلانسا پۇتلار!
نېمە ئەھمىيىتى كىمخاپ تونىنىڭ؟!
بىس ئىزلىرىغا تولسا ۋۇجۇدلار!
نېمە ئەھمىيىتى سۆيگۈنىڭ؟!
سۆيگۈ ئۇلارچە جىنايەت تۇرسا!
نېمە ئەھمىيىتى ئاق نانىنىڭ؟!
ئېچىرقىغان قەلب تويمىسا!
نېمە ئەھمىيىتىم بار مېنىڭ؟!
ھەممەتسىز مېنى ئەجەل تاپسا!
بەلكى، ئەھمىيىتىنى تاپار ھەممىسى،
ئەركىنلىك تەمى تېتىلغان چاغدا!



ئەرەبچىدىن تەرجىمە:

ئابدۇلھەمىد ئەمىن (كەۋسەر)
ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام ئىلىملىرى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

# ئاتىلار بايرىمى

**سۇمەييە ھەمدۇللاھ**
ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلامىي ئىلىملەر فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى



## بۈگۈن ئاتىلار بايرىمى ئىدى.

ئەدىنە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە تەھەججۇد نامىزىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭغا ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۆزى ھەم ئانا ۋەتىنىنىڭ تېزراق مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن بىرەر سائەتتەك قۇرئان كەرىم ئوقۇدى، ئاندىن ئەتىگەنلىك دەرسكە قاتنىشىپ بولۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ناشتا قىلىۋېتىپ دادىسى يادىغا يەتتى ـ دە، «دادام ھازىر نېمە يەۋاتقاندۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟» دېگەن ئويلار ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى تۇتۇپ، ناشتىنىمۇ تۈزۈك قىلمايلا تۇرۇپ كەتتى.

كاللىسىنى ئارام ئالدۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن ساھىلغا قاراپ يول ئالغان ئۇ قىز قەلئەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئۆزىگە بىر ئىستاكان چاي بۇيرۇتقاندىن كېيىن دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئەينى چاغدا دادىسى بىر قېتىم تۈرمىگە كىرىپ بىر يېرىم يىل يېتىپ چىققىنىدا ئۇ يەرنىڭ بەكلا سوغۇق ھەم تارلىقى، 18 ئادەمنىڭ سىغىشمىغانلىقتىن كېچىچە نۆۋەتلىشىپ ئۇخلايدىغانلىقى، قولىغا بەش كىلو ئېغىرلىقتىكى كويزا سېلىنغانلىقى ۋە پۇتلىرىنىڭمۇ ئىنتايىن ئېغىر زەنجىردە باغلاقلىق تۇرىدىغانلىقى، ھەر خىل قىيىن - قىستاق، سوراقلارنىڭ بولىدىغانلىقى .... نى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەدىنە شۇلارنى ئويلاۋېتىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆينىڭ كىچىكى بولۇپ، بىر ھەدىسى بار ئىدى، لېكىن ئەدىنە تۇغۇلغاندا بالدۇر تۇغۇلۇپ

قالغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئالقىنىدا پۇۋلەپ دېگۈدەك بەكلا ئەركە چوڭ قىلغانىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئەركە چوڭ بولغان بۇ قىز كېيىن ھەدىسى بىلەن بىللە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىدىن يىراق دۆلەتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. يېڭى ئوقۇشقا كەلگەن چاغلىرىدا، ئۇ كۈندە ئۆيدىكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا چىدىمايتتى.

مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقىنىغىمۇ بەش يىل بولۇپ قالدى، ئەمما ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۈزۈلۈپ قالغىنىچە، تېخى بۇ يىل روزا ھېيتتا بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ مەلۇم ئالاقىلىشىش نومۇرىنى تېپىپ ھېيتىنى مۇبارەكلىگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىدا، نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا يېڭىدىن لاگېردا يېتىپ چىققان ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن دادىسى ۋە بىر تاغىسىنىڭ مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى مەخپىي چۈشەندۈرگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەدىنەنىڭ بېشىدا چاقماق چاققاندەك بولغانىدى.

شۈنداق، ھەممە ئادەم دادىسىغا ئامراق، لېكىن ئەدىنە دادىسىغا بۆلەكچىلا ئامراق ئىدى. دادىسىمۇ ئۇنىڭغا ئاچىسىغا قارىغاندا بەكرەك ئامراقلىق قىلاتتى. ئۇنى دائىم «ئاي قىزىم!» دەپ ئەركىلىتەتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق، سالماق، كىچىك پېئىل ئىبراھىم داموللام ئۆيدىمۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، بولۇپمۇ قىزلىرىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خۇش چاقچاق، قىززىقچى ئادەم بولۇپ قىزلىرىنى دائىم ئەركىلىتىپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ قىزلىرىغا بىرەر قېتىم بەكرەك ئاچچىقلىغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، قىزلىرىمۇ ناھايىتى ئەدەپلىك ھەم ئەقىللىق، تىرىشچان قىزلار ئىدى.

ئۇلار ئۈرۈمچىدە تىككۈچىلىك كارخانىسى ئاچقاچ قىزلار ھەم ئوغۇللارغا ئايرىم - ئايرىم دىنىي دەرس بېرەتتى. ئۇلارنىڭ كارخانىسىغا تىككۈچىلىك ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىدىغان ھەر خىل ئېقىمدىكى ئاياللار ئىچىدە بېشىغا ياغلىق ئارتىش تۈگۈل، ئۇزۇنراق كىيىممۇ كىيمەيدىغانلىرى ھۇنەر ئۆگەنگەچ ئۇزۇن كىيىم كىيىشنى، بەش ۋاخ نامازنى تاشلىماي ئوقۇشنىمۇ تەڭ ئۆگىنىپ چىقىپ كېتەتتى.

بىر قېتىم ئىبراھىم داموللام ئوغۇل تالىپلىرىغا دەرس بېرىۋاتقان يېرىدىنلا تۇتۇلۇپ قېلىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ يۈرۈپ، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ ئاغزىدىن ئىككى يىلدا ئاران قايتىپ چىققانىدى. ئۇ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىزلىرىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىۋەتتى، ئەمما ئۆزى بولسا تۈرمىدە يېتىپ چىققىنى ئۈچۈن پاسپورت بېجىرەلمەي، ئائىلىسى بىلەن تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئۇنىڭ قىزلىرى چەتئەلگە چىقىپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ئائىلىسى ماھىنۇر خانىمنىڭ پاسپورتى چىقىپ، قىزلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن چەتئەلگە ماڭدى. ماھىنۇر خانىم قىزلىرىنىڭ يېنىدا ئۈچ ئايدەك تۇرۇپ يەنە يۇرتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىتتاي ۋەزىيىتى چىڭقىپ كېتىپ قىزلىرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار قىزلىرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزدى، ئەمما خىتتاي بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىشتى. ئىبراھىم دامولللامنى ئىككى يىل لاگېردا تۇرغۇزغاندىن كېيىن تۈرمىگە يۆتكەشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي سوتتىن مۇددەتسىز كېسىلگەنلىك خەۋىرى كەلدى، ماھىنۇر خانىم بولسا لاگېردا ئىدى.

ئەدىنە بۈگۈننىڭ ئاتىلار بايرىمى ئىكەنلىكىنى قايتىدىن خۇشخەۋەر كېلەرمىكىن، ئۈچۈر كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەر ۋاقىت ئوچۇق قويىدىغان ئۈندىدارىدىكى سالونلاردىن، چەمبىرەكلەردىكى باشقىلارنىڭ چىقارغان مەزمۇنلىرىدىن بىلگەنىدى. چەمبىرەكتىكى دادىلارغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان سېغىنىشى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئۇ تېلېفونىدىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىللە چۈشكەن رەسىملىرىگە قاراپ سېغىنىشىنى ئازراق بولسىمۇ باسماقچى بولاتتى، لېكىن شۇنداق قىلغانسېرى كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ يىغلاپ كېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ناتىۋان قىز يىغلاپ - يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە قايتتى...

**21\06\2020 - تۈن نىسپى**

# شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرى

## ئۈچۈن مىسىردىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر


ئابدۇلئەھەد سۇبات

تەجدىد ئۇنىۋېرستېتى، شەرىئەت بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى




## تەھرىردىن ئىلاۋە:

ختاينىڭ ئىشغالىدىن بىرى بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. يۇرت – ماكانىمىز بىزگە زىندان، تۇپرىقىمىز كىشەن بولدى. مىسىر پاجىئەسى بۇ زىيانكەشلىكنىڭ دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىغىچە سوزۇلغان قارا قولىنىڭ بىر مىسالى ئىدى خالاس. ئىشغالدىن بۇيان بېشىمىزغا كەلگەن ئوقۇبەتلەرنىڭ كۆپى تېزلا ئۇنتۇلدۇرۇلدى. چۈنكى، ئۇنتۇلسا، بىلىنمىسە ئۇنىڭ سورىقىنى ھېچكىم قىلمايتتى. بۈگۈن ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا بۇ تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدر – قىممىتىنىڭ سورىقىنى قىلىش پۇرسىتىنى ئاللاھ ئاتا قىلدى. (بىر مىللەتنى كۆككە كۆتۈرىدىغىنىمۇ، يەرگە ئۇرىدىغىنىمۇ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدۇق.) ۋەتىنىمىز ئىشغال قىلىنغاندىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرگەن ھەربىر تەڭسىزلىك بىردىن تەڭداشسىز پاجىئەدۇر! بۇ كەچۈرمىشنى ئوقۇغان ھەربىرەيلەننىڭ مىسىر پاجىئەسىدىكى ياشلىرىمىزنىڭ، كەلگۈسىمىزنىڭ كاپالىتى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ قانداق ئازاپ چەككىنىنى تولۇق ھېس قىلىپ چىقىدىغىنىغا ئىشەنچىم كامىل. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەندىن شۇ تۈيغۇنى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن قان تۆككەن شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى، جۇمھۇرىيەت يىقىلغاندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان، شېھىت قىلىنغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سولانغان، سازايە قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن بايلىرىمىزنىڭ، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، زىيالىلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى، كېيىنكى يىللاردىكى ھەر خىل ئىسىملار بىلەن ئاتالغان «ۋەقەلەر» دە ناھەق تۇتۇلغان، ئۆي كېسىلگەن تالىپلىرىمىزنىڭ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى ۋە ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يىلكىلىرىگىچە ھېس قىلىپ ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىشلىتىشنى سورايمەن. ھېس قىلغانلىرىمىز بۇ ئادالەتسىزلىككە دەست تۇرۇپ قارشى چىققۇدەك، «ھېسابىنى ئۆزىمىز سورايمىز» دېگۈدەك غەزەپ كۈچىنى بىزگە ھەدىيە قىلسا ئەجەپ ئەمەس!

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنى چىن قەلبىمىزدىن مەدھىيلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمىز. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبەرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالام يوللايمىز. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمىز.

ئاللاھقا ھەمد، رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ۋە سالام يوللاپ

بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك 2017 - يىلى7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مىسىردا بىر قېتىملىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. مەن شۇ قېتىم دەسلەپكى تۈركۈمدە 7 - رايوندىن تۇتۇلغانلار ئىچىدە بار ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن 75 كۈندىن ئارتۇق ۋاقتىم مىسىر تۈرمىلىرىدە، ساقچىخانىلىرىدا ئۆتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، بىلدىم، چۈشەندىم. تۆۋەندە مەن شۇ كۆرگەن بىلگەنلىرىمنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

2017 - يىلى7 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەنلا مىسىر ئۇچۇر تورلىرىدا «پالانى يەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن بىرنى تۇتۇپتۇ، پۇستانى يەردە ئىككىنى تۇتۇپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىزمۇ ئېھتىيات قىلىشنى راۋا كۆرۈپ سىرتلارغا كۆپ چىقمىدۇق ۋە سەپەر تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدۇق. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەيشەنبە سەپەر تەييارلىقىنىمۇ ئاساسەن پۈتتۈرۈۋالدىم، بىراق ئازراق سودىلىق چىقىپ قالغاچقا سىرتقا چىقىش توغرا كەلدى.

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ سىرتقا چىقتىم. «تەۋھىد ۋە نۇر» تاللا بازىرىغا بېرىپ، لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. خۇپتەن نامىزى ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا 7 - رايوننىڭ چوڭ - كىچىك مەسچىتلىرىدىن جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەنمۇ خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مەقسىتىدە 7 - رايوندىكى مەركىزى مەسچىت «مۇسا» مەسچىتىگە قاراپ يول ئالدىم. خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىپ، ئالدىراش ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇزاق ماڭار - ماڭمايلا يولنىڭ چەت تەرىپىدىن بىرەيلەننىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دەرھال قارىدىم، كۆرگىنىم گەۋدىلىك قورال ئېسىۋالغان پۇقراچە كىيىنگەن بىر ساقچى بولدى. «دەرھال قېچىش كېرەك» دېگەن ئوي كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە يالت - يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالدىمغا قاراپ مەسچىتى «بۇخارى» تەرەپكە قاراپ قاچتىم، ئۇ قوغلىمىدى، ئەمما



كېيىنكى دوقمۇشقا كەلگەندە بىر توپ ھەربىيلەر ۋە بىر ساقچى يولنى توساپ تۇراتتى، ئۇلارنى كۆرۈپ «ئىستانبۇل» ئاشخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئوڭ قول تەرەپتىكى كوچىغا قاچتىم. قېچىپ - قېچىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولماي قالدى. شۇنداق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالدىم، ساقچى ئالدى بىلەن يېنىمىزنى ئاختۇرۇپ پۇل، تېلېفون قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن،

_ سەن قەيەردىن؟ _ دەپ سورىدى.

_ شەرقىي تۈركىستاندىن. _ دەپ جاۋاب بەردىم.

_ پاسپورتىڭ قەيەردە؟

_ ئۆيدە.

ئارىدىن بىرسى: «سەندىن سورايدىغان ئازراق گەپ بار» دەپ ماشىنىغا چىقاردى. ماشىنا ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار بىلەن توشۇپ قالاي دەپ قالغاندى. ماشىنىغا كىرىشىمگە رەسىم كۆرستىشكە باشلىدى.

_ بۇ رەسىمدىكى ئادەمنى تونۇمسەن؟

_ ياق، تونۇمايمەن.

_ بۇنىچۇ؟

_ ياق تونۇمايمەن.

ساقچىنىڭ تېلېفونىدا جەمئىي رەسىم 253 پارچە بولۇپ، ئاساسەن مىسىردىكى چوڭراق ئۇستازلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىملىرى ئىدى. ھېلىقى ساقچى ماڭا «ئەگەر بۇلاردىن بىرنى تونۇپ بەرسەڭ دەرھال سېنى قويۇپ بېرىمەن» دەپ ئالدام خالتىسىغا كىرگۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىز ۋەتەندە ساقچىلارنىڭ بۇنداق يالغان - ياۋىداق گەپلىرىنى تولا ئاڭلاپ كەتكەچكە، يەنىلا «ياق، تونۇمايمەن» دەپ جاۋاب بەردىم.

بىز سولانغان ماشىنا مىسىردا ئىلىم ئىشقىدا ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان ئىلىم ئاشىقى ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشتى. ھېلىقى ساقچى بىزدىن ئادرېسىمىزنى سورىدى ۋە پاسپورتىمىزنى ئالدىغانلىقىنى، ئۇنىدىن كېيىن ساقچىخانىغا بېرىپ بىردەمدە بىكارلاپ قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، باللار ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى، مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن ئېيتىپ بەردىم. بىر مېڭىپ، ئىككى مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدۇق.

بەستلىك بىرى ئىشىكنى خۇددى كىنودىكىدەكلا بىر تېپىپ ئېچىۋەتتى ۋە ئۆينى پۇتلۇن ئاختۇرۇپ چىقتى. ياتاق ئۆي، مۇنچا، ئاشخانا، كارىۋات ئاستى، كىيىم ئىشكابى ھەممىنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى ۋە پاسپورتىمنى ئالدى ـ دە، مېنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

ـ نەگە بارىمىز؟ ـ دېگەن سوئاللىرىمغا

ـ «القسم الأول» گە بارىمىز، 15 مىنۇتتا بىكار بولىسلەر. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

چارشەنبە ئەتتىگەن سائەت ئىككى ئەتراپىدا 2 ماشىنا ئوقۇغۇچىلارنى (القسم الأول) گە ئېلىپ كەلدى. بۇ يەر تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشقان بولۇپ، باللارنى بىردىن - بىردىن سوراققا ئېلىپ كىرىۋاتاتتى، كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ سوراققا كىردىم.

ـ ئولتۇر! ـ دېگەندى، ساپادا ئولتۇرسام،

ـ يەردە ئولتۇر! ـ دەپ يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە

ـ ئىسمىڭ نېمە؟ نەچچە ياش؟ كەلگىلى قانچىلىك بولدى؟ قەيەردە ئوقۇيسەن؟ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىققۇڭ بارمۇ؟ ـ دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى.

ـ ئىسمىم پالانى، ئەزھەردە ئوقۇيمەن، سىياسەتكە ئارىلاشمايمەن. ـ دېگەندەك گەپلەر بىلەن جاۋاب بەردىم. سوراقتىن چىقىپ «ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلىنىپ قالدىم – دە، «قانداق ئىش بولسا ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا، ئاللاھ يولىدا بولدى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم. ساقچىلار چارشەنبە كۈنى «بىر پارچىدىن ۋاراققا قول قويۇپ رەسىمگە چۈشۈپ بەرسەڭلا قويۇپ بېرىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى. بەزىلەر قول قويۇپ، رەسىمگە چۈشۈپ بەردى. كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار مەسلىھەتلىشىپ بۇنىڭ بىر سۇيىقەست بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قول قويۇپ، رەسىمگە چۈشۈپ بېرىشنى رەت قىلدۇق.

شۇ كۈنى مىسىردىكى خىتتاي كونسۇلىدىن بىر نەچچە خىتتاي كېلىپ، ئىسمىمىزنى ۋە يۇرتىمىزنى سوراپ رەسىمگە تارتىپ كېتىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىلار پۈتۈن تۇتۇلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ تېلېفون، پاسپورتلىرىمىزنى بەردى. «قويۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغاندىم، ئۇشتۇمتۇت ئىسمىم چاقىرىلدى، ھەمدە قايتىدىن تېلېفون ۋە پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ، بەشتىن بىر گۇرۇپپا قىلىپ بىر كارىدورغا باشلاپ كىردى.

كارىدورنىڭ ئوڭ تەرەپىدىكى بىر ئىشىككە «خروج» (چىقىش) دەپ يېزىقلىق، سول تەرەپتىكى ئىشىكلەرگە «حجز» (تۇتۇپ تۇرۇش) دەپ يېزىقلىق تۇراتتى. «چىقىش» ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلغان بولساممۇ «تۇتۇپ تۇرۇش» ئورنىنىڭ ئىشىكى تاراسلاپ ئېچىلدى. بۇ كامېردا 5 - 6 ئادەم بولىشى مۇمكىن دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. تۆتەيلەن كىرىپ كەتتى، مەن بولسام «أنا لست مجرما، أنا لست مجرما» (مەن جىنايەتچى ئەمەس) دېگىنىمچە كەينىمگە ياندىم، بۇ ھالىمنى كۆرگەن ساقچى قولۇمدىن تارتىپ، دۈمبەمگە ئىتتىكىنى ئۇرۇپ كامېرغا سولىدى.

## كامېر جىنايەتچىلەر ۋە تاماكا ئىسى بىلەن توشقان ئىكەن

«نېمە دېگەن كۆپ ئادەم بۇ!» مەن ھەيران قالدىم....

كامېردا جىنايەتچىلەر ساينىڭ تېشىدەك يېتىشاتتى. قانداق مېڭىپ بېرىپ قالدىمكىن؟! كامېرنىڭ ئوتتۇرىغا بېرىپ قالغاندىم. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋىتىر نامىزى ئوقۇمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى – دە، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ بولغۇچە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن قىبلە تەرەپنى كامېردىكى ئەرەبلەردىن سورىدىم. ئۆزىنى كامېر باشلىقى دەۋالغان بىرەيلەن بەش - ئالتە ئادەمنى قوپۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇدەك يەر ھازىرلاپ بەردى. ئالدى بىلەن ۋىتىر نامىزىنى، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، بۇ كامېرغا بىرگە سولانغان بەش ئوقۇغۇچى بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا كامېردىكى ئەرەبلەر كېلىپ بىزدىن پۇل سوراشتى. بىز ئۇلارغا پۇلىمىزنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنغانلىقىنى ئېيتتۇق، لېكىن ئۇلار ئىشەنمەي سومكا، پورتماللىمىزنى ئاختۇرۇشتى. ئەرەبلەر توختىماي سوئال سورايتتى، ۋاقتىمۇ بەك ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى، خۇددى بىر مىنۇت بىر سائەتتەك، بىر سائەت بىر كۈندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. كۆڭلۈم بەك يېرىم، يىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولساممۇ بولمىدى، كۆزلىرىمدىن ياشلار قۇيۇلدى. «قانداق بولۇپ بۇ ئەخلاقسىز ھايۋان كەبى ئىنسانلار ئارىسىغا كىرىپ

قالدىم؟» دېگەن ئوي كاللامدىن بىر قاتار ئۆتتى. كېچىككىنە كامېر، 50 كە يېقىن ئادەم، ھەممە جاينى قاپلىغان ئاچچىق تاماكا ئىسى. قىستاڭچىلىق دەستىدىن ئولتۇرغىلىمۇ ئورۇن چىقماي بەزىدە ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق. بىكار ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ئىككى ئەرەب تازلىق ئۆيىدە ئولتۇراتتى. 20 ياش ئەتراپىدا بىر ئەرەب بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئىككى ئادەم ئۆلتۈرۈپ 10 يىللىق كېسىلگەن ئىكەن، ئىككى يىل بوپتۇ. يەنە بىرەيلەن زەھەر چېكىپ ۋە سېتىپ كىرىپ قاپتۇ. بىرسى كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدىكى بۇرادىرىنى تونۇشتۇرۇپ «بۇ ئوغرى، ئۇ ئۇنداق جىنايەتچى...» دەپ تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ «ئاللاھقا شۈكۈر، مەن بۇ يەرگە ئاللاھ يولىدا كىرىپ قاپتىمەن، ئۇلاردەك يامان قىلمىشلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە ئېتىقادىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا كىرىپ قاپتىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم ۋە ئۇلاردىن قۇرئان سوراپ سۈرە يۈسۈپنى ئوقۇشقا باشلىدىم. «(ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: ‹ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز› دېدى. شۇنىڭدەك، (يەنى يۈسۈپنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۈسۈپنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، ئاللاھ (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ» بۇ ئايەتكە كەلگىنىمدە تۇرۇپ قالدىم – دە، قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. شامغا يېقىن ئىككى ئەرەب ئۇرۇشۇپ قالدى، ئۇلار بىر - بىرىگە رەھىم قىلىشماي ئۇرۇشتى، بىرىنىڭ قاپىقى ئېتىلىپ كېتىپ قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ قارشى تەرەپنى ئۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىغا چىدىماي ئېغىزىدىن ساقال تىغى چىقاردى – دە، ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن نەچچە يەرنى تىلىۋەتتى، تىلىنغان ئورۇنلاردىنمۇ قان ئېقىشقا باشلىدى. مەن «بىرەرسىنىڭ مۇشتى تېگىپ كېتىپ بىكاردىن - بىكار تاياق يېمەي» دەپ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋالغاندىم. يېنىمدىكى ياشىنىپ قالغان بىر ئەرەب «متخافش (قورقما)» دەپ تۇراتتى. جېدەل بېسىقتى، ئەمدى كۆڭۈل ئارامغا چۈشۈپ مۈگدەك باستى، بىراق ئۇخلاشقا ئورۇن يوق ئىدى. بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىدى بولغاي، باشقىلارنى ياراشتۇرۇپ بىر غېرىچ ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئورۇن ھەددىدىن زىيادە تار بولغاچقا ئۆرۈلۈشكە ئىمكان يوق، ئىككى سائەتچە شۇنداق ياتتىم.

بىر چاغ بولغاندا سىرتتىن ساقچىلار بىزنى چاقىرىشتى. قوللىرىمىزغا كويزا سېلىپ ئون بالىنى بىر ماشىنىغا سالدى - دە ئېلىپ ماڭدى. بۇ قولۇمغا تۇنجى قېتىم كويزا سېلىنىشى ئىدى. ئۇزۇن ماڭمايلا «عين الشمس» ساقچىخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. ساقچىلار ئىسىملىرىمىزنى تىزىملاتقاندا بىرەيلەن كىرىپ، قەيەرلىك ئىكەنلىكىمنى سورىدى ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇ كىشى بىزگە توردىن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ بەردى. بىزنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىمىز ئاللىبۇرۇن تورلارغا چىقىپ بولغان ئىكەن.

## «عين الشمس» ساقچىخانىسىدىكى سېسىق كامېر

بىز سولانغان بۇ كامېر ئىنتايىن سېسىق، قاڭسىق پۇرىغىنىنىڭ ئۈستىگە بەئەينى بىر ئەخلەتخانىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ سېسىق پۇراققا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇرنىمىزنى كىيىملىرىمىز بىلەن ئېتىۋالدۇق. بۇ يەردە بۇنداق تۇرۇشقا ئىمكان بولمىغانلىقتىن ئىشىكنى مۇشتلاپ ساقچى چاقىردۇق. نۆۋەتچى ساقچى كىرىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، بىز بۇ كامېرنىڭ ئىنتايىن سېسىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخلەت بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، كامېرنى تازىلاپ ئەخلەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولساقمۇ، «ئەتە» دەپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن كېتىپ قالدى. ئادەم دېگەن ھەرقانداق شارائىتقا ئاستا - ئاستا ماسلىشىپ كېتىدىكەن، سېسىق پۇراقنى بارا - بارا سەزمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىمىزنى كەڭرى قويۇپ بېرىپ نەچچە كۈندىكى ھاردۇقىمىزنى قېنىپ ئۇخلاپ چىقىرىۋالدۇق.

چۈشكە يېقىن ئالتە ئەرەبنى بىزنىڭ كامېرغا ئەكىرىپ قويدى ۋە ئۇلارغا ئالايىتەن قىلىپ بىزگە چېقىلماسلىق ھەققىدە تەنبىھ بەردى. ئۇلار تېخى ياش ئۆسمۈرلەر بولۇپ ئەڭ چوڭى 22 ياشلار چامىسىدا بار ئىدى، ئۇلار يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي زەھەر چېكىش، ئوغرىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن كىرىپ قالغانلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۈز، قول ۋە پۇتۇن



بەدىنى جاراھەت، تارتۇقلا بىلەن زىنننەتلەنگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، مۇشتلىشىپ كېتەتتى ۋە بىر - بىرىنىڭ يۈز، قول، بىلەكلىرىنى ساقال تىغى بىلەن تىلىۋېتەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قىيامەتلىك دوستلاردەك قىزغىن بولۇشۇپ كېتەتتى. ئۇلار كېچىنى تاماكا چېكىپ بىدار ئۆتكۈزسە، كۈندۈزلىرى دىۋىدەك ئۇيقۇغا غەرق بولاتتى.

## «عين الشمس»دىكى تۈنجى مەيدان جەڭ

شۇنداق قىلىپ، كىچىككىنە كامېردا 16 ئادەم تۇردۇق، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى كامېردىكى ئەرەبلەر بىلەن مۇشتلىشىپ قالدۇق. بۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەكنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن ساقچى چاقىرىپ بىزنى بۇلاردىن ئايرىم بىر كامېرغا سولاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدۇق، ساقچى تەلىپىمىزنى رەت قىلىپ بىز بىلەن مۇشتلاشقان يۈسۈپ ئىسىملىك خرىستىئاننىڭ كاچىتىغا ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ، ئەدەپلەپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

ۋەقە پەسەيگەندىن كېيىن ياندىكى سىياسىيلار كامېرىدىن 23 ياش ئەتراپىدىكى بىر ساقاللىق ئەرەب كىرىپ بىزدىن:

_ سىلەر ئەزھەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ؟ _ دەپ سورىدى، بىز:

_ ھەئە، ئەزھەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. _ دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئۇنداقتا نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىمىزنى سورىدى، بىز نېمە سەۋەب بىلەن كىرىپ قالغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ھېلىقى ئەرەب مەنمۇ ئەزھەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى، سىياسەتكە ئارىلىشىپ قالغانلىق سەۋەبتىن كىرىپ قالدىم دېدى ۋە بىزگە «وتواصوا بالحق وتواصوا بالصبر» ھەققىدە ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، بىرەر سائەتكە يېقىن ۋەز - نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، قانداق بىر نەرسە لازىم بولسا ئېيتساق ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقىمىكىن كۈنلەر بەك تەستە ئۆتۈۋاتاتتى، ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا چىدىماي دەملىشىپ كۆينىكىمىزنى سېلىپ، ئىككى دولىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى يەلپۈشەتتۇق. كېچىلەرنى ئاساسەن قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، بىر - بىرىمىزگە نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق.

بىر كۈنى يۈسۈپ ئىسىملىك خرىستىئان بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئاكىسى ھەدىيە قىلغان قىممەتلىك سائىتىنى «كۆرۈپ باقاي» دەپ ئېلىپ، باشقا كامېردىكى دوستىغا بېرىۋېتىپتۇ. سائەتنى «ئېلىپ بەر» دېسەك، «سائەت مەندە ئەمەس، بار ئادەمگە دېگىن» دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ يەنە ئۇرۇشۇپ قالدۇق، بىرەيلەننىڭ بىلىكىنى يۈسۈپ ئىسىملىك خرىستىئان ساقال تىغى بىلەن ئازراق يەرنى كېسىۋېتىپتۇ، ئاخىرى بولماي يەنە ساقچى چاقىردۇق. ساقچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. بىز بۇلاردا ساقال تىغى بارلىقىنى، بەزىلىرىمىزنىڭ بىلىكىنى شۇ تىغ بىلەن كېسىۋەتكەنلىكىنى شىكايەت قىلدۇق. ساقچى كامېردىكى ھەممە ئادەمنى سىرتقا ئەپ چىقىپ كىيىملىرىمىزنىمۇ سالدۇرۇپ، ئاختۇرغاندىن كېيىن يەنە شۇ نەس باسقۇر كامېرغا سولاپ «ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇش چىقارساڭلار سىلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئىككىدىن - ئىككىدىن باشقا كامېرغا بۆلۈۋېتىمىز» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ ئىسىملىك خرىستىئان تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. بىر كۈنى قولىغا بىرەر مېتىر كەلگۈدەك توك سىمىنى ئېلىۋېلىپ، بېشىمىزنىڭ ئۈستىدىن قامچا ئويناتقاندەك ئوينىتىشقا باشلىدى. بىز




يەنە ئۇرۇش چىقارساق ئىككىدىن - ئىككىدىن باشقا كامېرغا بۆلۈۋېتىشىدىن قورقۇپ ئاچچىقىمىزغا ھاي بېرىپ، لېۋىمىزنى چىشلەپ ئولتۇردۇق، ئەگەر ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇرۇشساق ئىككىدىن - ئىككىدىن بۆلۈۋېتىپ قالسا، بۇ كامېردا قالغانلارنى تېخىمۇ بوزەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز ھېلىقى يۈسۈپ ئىسىملىك خىرىستىئان تۇك سىمى بىلەن بىر قېرىندىشىمىزنىڭ بىلىكىگە يەنە بىر قېرىندىشىمىزنىڭ بەل قىسمىغا ئۇردى، تۇك سىمى تەككەن يەردىن قان ئالدىكەن، بۇ زورلۇققا چىدىمىغان ھەممىمىز قوپۇپ «<مىڭ كۈن سۇ بولغۇچە بىر كۈن قان بول> دەپتىكەن» دەپ يەنە بىر مەيدان مۇشتلاشتۇق. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن چۆچىگەن ساقچىلار كىرىپ ھەممىمىزنى ئايرىدى.

«عين الشمس» ساقچىخانىسىغا يۆتكەلگىلى ھەش - پەش دېگۈچە ھەپتە بولۇپ قاپتۇ، بىر كۈنى كەچ بالىلارنىڭ ھەممىسى يۆتىلۈشكە باشلىدى. مەن ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتىم، مەنمۇ ئىختىيارسىز يۆتىلۈشكە باشلىدىم. سالام بېرىپ بولۇپ قارىسام، قوشنا كامېرغا ئوت كەتكەن بولۇپ بىزنىڭ كامېرغىمۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئىس - تۈتەك كىرىۋاتاتتى. ھەممىمىز دەرھال ئۈستىمىزدىكى كىيىملىرىمىز بىلەن بۇرنىمىزنى تۇتۇۋالغاچ كامېرنىڭ ئىشىكىنى مۇشتلاشقا باشلىدۇق، ساقچىلار كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ مەھكەم تاقاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئوتنىڭ ئاچچىق ئىس - تۈتەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن پۈتۈن كامېردىكى جىنايەتچىلەر ئىشىككە مۇشتلاشقا باشلىدى، ئوت كەتكەن كامېردىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزنىڭكىدىن خەتەرلىك بولغاچقا توختىماي چىرقىراپ تۇۋلىشاتتى.

ئوت كۆچى بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىغاندىن كېيىن بىزنىڭمۇ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشكە كۆزىمىز يەتمىدى ۋە بىر بۇلۇڭغا يىغىلىپ، كەلىمە شاھادەت ئوقۇشقا باشلىدۇق، ئاخىرقى مىنۇتلاردا كۆز ئالدىمغا مېھرىبان ئانامنىڭ سىيماسى نامايەندە بولدى ۋە بىر چاغلاردا مۇنداق دەپ يازغىنىم ئېسىمگە كەلدى:

ئانىجان! سېغىنىپ ھىدىڭنى پۇرىغۇم كەلدى،
مۆكچەيگەن قەددىڭنى تىكلىگۈم كەلدى.
بىلمىدىم، بېشىڭغا نى كۈنلەر كەلدى،
قانداقتۇر ئەھۋالىڭ بىر بىلگۈم كەلدى.

«ھاياتىم ۋەتىنىم تۇپرىقىدىن يىراق بىر ئەلدە ئاخىرلىشارمۇ؟!» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى، ئەرەبلەر بولسا «يا الله! سىنموت» دەپ تۇۋلىغاچ توختىماي ئىشىككە مۇشتلاۋاتاتتى. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئارىسىدا جان تالىشىۋاتقان ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئىلاھىي ياردەم چۈشتى - دە، باشقا كامېردىكى بىر جىنايەتچى قانداق ئاچتىكىن بىلمىدۇق پۈتۈن كامېرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتى. كامېردىكى ئەرەبلەر كامېرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن بارلىق چىراغلارنى ۋە كامېرالارنى چېقىۋەتتى. بۇ يەر شۇنداق قالايمىقانلىشىپ

كەتتىكى، بەئەينى جەڭگاھنىڭ ئۆزى ئىدى. گەرچە بارلىق كامېرلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، يەنىلا كارىدورنىڭ چوڭ ئىشىكى تاغ كەبى مۇستەھكەم تۇراتتى. بىزنى قوشنا كامېردىكى سىياسىيلار ئۆزلىرىنىڭ كامېرىغا ئېلىپ كىرىپ بىزنىڭ نەپەسلىنىشىمىزگە ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ كامېرىدا هاۋا تەڭشىگۈچ بولغاچقىمىكىن ئۇلار نەپەسلىنىشتە ئۇنچە قىينىلىپ كەتمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئوت ئۆچۈپ ھەممە ئىش بېسىققاندىن كېيىن ساقچىلار كېلىپ ھەممە جىنايەتچىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كامېرلىرىغا سولاپ ساننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئاللاھنىڭ قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشى بىلەن ئوت ئاپىتىدىن ساق - سالامەت ئامان قالدۇق ۋە «بىز كۆرگەن كۈنلەرنى باشقا بەندىلىرىڭگە كۆرسەتمە!» دەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىشتۇق. مەن مىسىر ساقچىلىرىنىڭ بەك مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ھېس قىلدىم، ھەممە ئادەم جان بىلەن قالسا، ساقچىلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش قىزىل تۇڭنى كۆتۈرۈپ بېقىپ، ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقاپ چىقىپ كەتكىنى قانداق ئىش ھە؟ بۇ تۈرمە دېگەن جاي قانداقتۇر ياخشى كىشىلەرنى ياكى يامان كىشىلەرنى سولايدىغان جاي بولماستىن بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدىكى ھەرخىل شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سولايدىغان، چۈشەنمەك ناھايىتى قىيىن بولغان مۇرەككەپ مىسىر جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئارقا كۆرۈنۈشى ئىكەن.

بۇ سېپىسىق قاراڭغۇ كامېردا ساق 12 كۈن تۇردۇق. شۇ كۈنى ساقچىلار قوللىرىمىزغا كويزا سېلىپ، ساندۇقلۇق ماشىنىغا سولاپ «تۇرا» تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىشتى. بۇ يەردە 27 ئۇيغۇر، 17 خىتاي، خۇيزۇ ۋە سالا بولۇپ 44 ئادەم بىر كامېرغا سولاندۇق. بۇ كامېر باشقا كامېرلاردىن يورۇق، سەل ئازادە بولغان بىلەن بەك ئىسسىق، تەر قۇيۇلۇپلا تۇراتتى. سۇيى كۆپىنچە ناماز ۋاقتى كىرگەندە توختاپ قالاتتى. بۇ كامېرغا كېلىش بىلەن تاماقلىرىمىز تەرتىپلەشتى. ئەتىگەن، كەچتە كېپەك نان، چۈشتە پولۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان گۈرۈچ تامىقى، تۆت ئادەمگە بىر توخۇ، ياكى كىچىككىنە كالا گۆشى بېرەتتى. ئىككى كۈندە بىر ئەرلىرى ياكى ئاكا - ئىنىلىرى تۇتۇلۇپ قالغان ئاچا - سىڭىللىرىمىز پولۇ، لەغمەن، شورپا قاتارلىق تائاملارنى كىرگۈزۈپ تۇراتتى.

كۈنلىرىمىز قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇش ۋە باشقا كىتاب كۆرۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ «مۆئمىنلەر بىر بەدەندۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك، بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىر تۇغقاندەك بولۇشۇپ كەتكەن ئىدۇق. بىرىمىزگە تاماق كىرسە، ھەممىمىز تەڭ بۆلۈشۈپ يەيتتۇق، يېنىمىزدا بار ئارتۇق كىيىملەرنى باشقىلار كىيىملىرىنى يۇيغاندا شۇلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ كىيەتتۇق.

## ھېيت يېقىنلاپ كېتىۋاتاتتى

تاماق ئەكىرگەن ساقچىلاردىن «بىز قاچان چىقىپ كېتىمىز» دەپ سورىساق، «بىز بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇرۇن تاماق تاشلاپ ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولغانىدۇق. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر قېتىم تاماق تاشلاپ ئاچلىق ئېلان قىلىپ، بىزگە «القسم الأول»دىن بىر ساقچى كەلمىگۈچە تاماق يېمەيمىز دەپ تۇرۇۋالدۇق. شۇ كۈنى بىزنى «القسم الأول» دە سوراق قىلغان ساقچى كېلىپ:

_ بىز سىلەرنى خىتتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز. _ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئىقامىتى بارلارنى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئىقامىتى يوقلارنى بىر ھەپتە ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەزىلىرىمىز خۇشاللىق ياشلىرىمىزنى تۇتۇۋالالمىدۇق.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇربان ھېيتمۇ يېتىپ كەلدى. كامېر ئىچى جىمجىت، بۈگۈن ھېيت بولغاندەك ئەمەس ئىدى. مەنمۇ بىر كۈن ئاتا - ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى، ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ھېيتلارنى ئەسلەپ چىقتىم، «ۋەتەن ئىچىدىكى تۈركىستان خەلقىگە ھېيت ھېيتتەك بولغانمىدۇ؟!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شەنبە پېشىن نامىزىدىن كېيىن پۈتۈن تۇتۇلغانلارنى تۆتتىن، بەشتىن قىلىپ قاھىرەدىكى باشقا ساقچىخانىلارغا تارقىتىۋەتتى. مېنى يېڭى قاھىرەدىكى «قسم القطامية» ئىسىملىك ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىشتى. مېنى باشقا كامېرغا، مەن بىللە كەلگەن ئىككى بالىنى باشقا كامېرغا سولاشتى. مەن كىرگەن كامېر يورۇق، پاكىز بولغان بىلەن بەك قىستاڭچىلىق ئىدى. كامېر باشلىقى ئەبلەخ يېڭى كىرگەن جىنايەتچىلەرنىڭ پۇل ۋە

باشقا نەرسىلىرىنى ئېلىۋالاتتى، بەزىدە ئۇراتتى. ئۇ ئەبلەخ مەندىنمۇ پۇل سورىدى، مەن يېنىمدا پۇل يوقلۇقىنى ئېيتسام، ئىشەنمەي يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ چىقتى. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى تۇرسام، مېنىمۇ ئۇرۇشى ئېنىق گەپ ئىدى. ئۇ ئەبلەخ مەن ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سائەت، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلىرىمنى ئېلىۋاپتۇ. كېيىن ئۇ ئەبلەخ مەندىن ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا بۇلارنى ماڭا ھەدىيە قىلدى دەپ كۆرسەتكىلى تۇرۇپتۇ. بۇ كامېر ئەسلى كارىدور بولۇپ جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كامېر قىلىنغان ئىكەن. بۇ كامېردا ئۈچ كۈندەك ئاچ - توق قالدىم. بۇ كامېرغا كىرىپ ھەپتىدىن كېيىن مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى بالىنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقتى، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇرسام، ئۇ كامېردىكى ئەرەبلەر چاي قۇيۇپ كۈتىۋالدى ۋە بىر قۇر كىيىم، ئەتىر، سوپۇن نەرسىلەرنى بېرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋېلىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇلاردىن ھەيران بولۇپ مۇشۇ كامېردا تۇرۇۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچىغا قارىدىم، ئۇلار:

— بىز كىرگەندىن باشلاپ بۇ ئەرەبلەر بىزنى شۇنداق ھۆرمەتلەۋاتىدۇ. — دېدى.

بۇ كامېردىكى ئەرەبلەر ياشتا چوڭ كىشىلەر بولۇپ بەزىلىرى شەھەر باشلىقلىرى، يەنە بەزىلىرى ئادۋوكاتلار ئىكەن. بۇ كامېردىكى ئەرەبلەر بىلەن نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇيتتۇق، ئەسىردىن كېيىن ھەممىمىز قۇرئاننى نۆۋەتلىشىپ بىر بەتتىن ئوقۇيتتۇق، قۇرئاننى خاتا ئوقۇغانلارغا ئىسلام ئىسىملىك بىر ئادۋوكات تۈزىتىپ بېرەتتى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ساقچىلار قوللىرىمىزغا كويزا سېلىپ «جەۋازات»قا ئېلىپ چىقتى. ساقچىلار پاسپورتىمىزنى «جەۋازات»تىكى بىرسىگە كۆرسەتتى ۋە ئىقامەت توغرىسىدا سۆزلەشتى، ھېلىقى ئادەم بىزنىڭ تۈنجى قېتىم مىسىرغا كەلگەنلىكىمىزنى باھانە قىلىپ:

— بۇلارغا ئىقامەت بېرەلمەيمىز، بۇلار دۆلىتىگە قايتىشى كېرەك. — دېدى ۋە:

— مىسىردا يېقىنلىرىڭ بولسا، ئالاقىلىشىپ بىلەت تەييار قىلىڭلار. — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ساقچىلار بىزنى قايتۇرۇپ كېلىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن يېنىمىزدىكى ئەمدى 16 ياشقا كىرگەن، تۇتۇلغاندىن بېرى بىز بىللە تۇرغان بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، كېيىن بىلسەم ئۇنى خىتتاي كونسۇلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. كونسۇلدىكى خىتتاي ئۇنىڭغا رەسىمگە چۈشۈپ بەر، ساڭا يېڭىدىن پاسپورت چىقىرىپ يولغا سالىمىز دەپتۇدەك. ئۇ ئۇنىماي قايتىپ كەپتۇ. ساقچىخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساقچىلار ئۇنى رەسىمگە چۈشۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى، ئۇ ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېسىپ قويىدى، ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگەر - تەگمەس ھالەتتە ئېسىقلىق تۇراتتى. ساقچىلار:

— رەسىمگە چۈشۈپ بېرەمسەن، ياقمۇ؟ — دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇ:

— ياق. — دېسە ساقچى ئۇنىڭ قولىنى سىلكىشلەيتتى، ئۇ:

— ۋايجان! ۋاي قولۇم! — دەپ يىغلاۋاتاتتى.

مەن كامېر ئىچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئولتۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن سەۋر تىلەشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى بەش - ئالتە مىنۇت يوقاپ كەتتى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى، يىغا ئارىلاش «ۋايجان! ۋاي قولۇم! ئانا، ئانا!» دېگەن ئاۋاز كامېر ئىچىگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كۆزۈمگە ياش ئولاشتى، ئەرەبلەرمۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ جىمىپ قېلىشتى. كېيىن ئۇنىڭ «رەسىمگە چۈشۈپ بېرەي» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كامېرغا كىرىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، قوللىرىنى كويزا زىدە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا «يىغلىما ئۇكام، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىچىك تۇرۇپ بىز كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۈڭ.» دېگەنلەردىن باشقا تەسەللىي بېرەلمىدىم. ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىمچە ئۇنى بۇرۇن ئاسقان ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا ئېگىزلىتىپ ئېسىپتۇ، ئۇرۇپتۇ، چاچلىرىنى كېسىۋېتىپتۇ، ئاخىرىدا چىدىيالماي رەسىمگە چۈشۈپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ...

شۇ كۈنلەردە ماڭا يەنە بىر ئوقۇغۇچىغا بىلەت ئېلىنغانلىق خەۋىرى كەلدى، بۇنى ئۇقۇپ مۇستاپا ئىسىملىك ئەرەب:

— قانداق تاماق يېگۈڭلار بار؟ شۇنداق تاماق ئەكەلدۈرەي.

سىلەر بىزنىڭ مېھمانلىرىمىز، باللىرىمىزغا ئوخشاش. _ دەپ بىزنى خۇشال قىلىشقا تىرىشتى. تۇرمىدىكى باشقا ئەرەبلەر قايتىشىمدا «يولدا بىر نەرسە ئېلىپ يېگىن» دەپ ئۇنىمىسام ئۇنىماي 250 جۇنەي تۇتقۇزدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىز ئىككىمىزنى ئايرودرومغا ئېلىپ ماڭدى. نە دوللار، نە تېلېفون، ئايپەدلىرىمىزنى بەرمىدى، ھەممىنى يېيىشتى. ئايرودرومدا كويزا سېلىقلىق مېڭىۋاتىمىز، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى بىزدە، «قسم القطامية» ساقچىلىرى بىزنى ئايرودروم ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىشتى. ئايرودروم ساقچىسى ئايرودرومدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا سولاپ قويدى. بىز ئەتىسى ئۇچىدىغان بولغاچقا كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۇق، ئاخىرى بىز ئۇچىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى، بىراق ئايرودروم ساقچىسى بىزنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، «بۇلارنىڭ بىلتىدە مەسىلە بار» دەپ يەنە سولاپ قويدى. بىز ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ 30 مىنۇت ۋاقتى قالغاندا ئىشىكنى ئۇرۇپ ساقچى چاقىرىپ:

_ نېمىشقا ئۇچالمايمىز؟ بىز قايتىشىمىز كېرەك! بىز ئۇچىدىغان ئايروپىلان 30 مىنۇتتىن كېيىن ئۇچىدۇ. ھازىر مېڭىشىمىز كېرەك! بولمىسا كېچىكىپ قالىمىز _ دېدۇق.

ساقچى جاۋاب بېرىپ: «سىلەر ئۇچالمايسىلەر، سىلەرنىڭ بىلەت مىسىر ھاۋا يوللىرىدىن ئىكەن». مىسىر ھاۋا يوللىرىدىكىلەر: «بۇلارنى دۆلەت بىخەتەرلىكى تۇتقان ئادەملەر ئىكەن، بىز بۇلار بىلەن سەپەر قىلالمايمىز. ئۇلار بىلەتلىرىنى باشقا ھاۋا يوللىرىغا ئالماشتۇرسۇن» دەپتۇدەك.

ئاللاھنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن بىلتىمىز شۇ كۈنى كەچكە ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. ھەممىمىز ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىشىپ كەتتۇق. سائەت 8 دىن ئاشقاندا بىر ساقچى كىرىپ: _ تەييار بولۇڭلار ماڭىسىلەر _ دېدى.

ساقچى بىزنى ئۇدۇل ئايروپىلانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى ۋە ماڭغاچ يولدا پاسپورتلىرىمىزنى بەردى. ئايروپىلانغا چىقىپ ئورۇنلىرىمىزنى تېپىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئايروپىلان ئۇچۇش يولىغا كىرىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ۋە بىر نەچچە سائەتتەك ئۇچۇش ۋاقتىنى تاماملاپ ئىستانبۇل ئايرودرومغا قوندى. ئايرودرومدىن چىقىش يولىدا كېتىۋاتسام، بىرسى «ئالدىمىزدىكى ئىككى بالىنى تۈرك ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتتى» دەپ كەپتۇ، «بۇ نېمە بولغىنى؟! ئەمدىلا  ھۆرلۈككە، ساپ ھاۋاغا ئېرىشكەن تۇرسام» دېگەنلەرنى ئويلاپ تەر باستى. تۈركىيە ساقچىلىرى ئۇ ئىككى بالىدىن ئازراق سوئال سوراپ، قويۇپ بېرىپتۇ. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىكەن، مىسىردىكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرىنى تۇتقۇنلۇق بىلەن تاماملاپ ساق - سالامەت تۈركىيەگە كېلىۋالدۇق.

ئاخىرىدا، مىسىردا تۇتۇلغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلغان، ئوقۇغۇچىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم دېمەستىن يول ماڭغان ئوسمان قارىمغا ۋە بىز بىلمەي قالغان ئوسمان قارىمغا ئوخشاش ساپ قەلب ئىگىلىرىگە مىسىردا تۇتۇلغان پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلار نامىدىن چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئوسمان قارىم ئۆزلىرىنى ئاللاھ ئىككىلى دۇنيادا بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرسۇن. مىسىردا بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئاللاھ  ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىق دەپتەرلىرىدە قىلىپ بەرسۇن.





# مېنىڭ كەسپىم



گۈلمىرە تۇرسۇن
ساغلاملىق ئۇنىۋېرسىتېتى
ساغلاملىق فاكۇلتېتى، تۇغۇت ئانىسى بۆلۈمى

## تۈركىيەدە «تۇغۇت ئانىسى» كەسپى

تۇغۇت ئانىسى نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟

تۇغۇت ئانىسى ھامىلدارلىقتا دىئاگنوز قويۇش، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھامىلدارلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئالدىنى ئېلىش، ئانىنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنى ياخشى كۆزىتىپ ئانىنى ھامىلدارلىق جەريانىدا قوللاش، ياردەم بېرىش، بوۋاقنىڭ قورساقتا ساغلام يېتىلىشىنى كۆزىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇغۇت ئانىلىرى دوختۇرنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ تۇغۇت جەريانىدا تۇغۇتنى ياخشى كۆزىتىپ، ئانا بىلەن بوۋاقنىڭ ساغلاملىقىنى يېقىندىن نازارەت قىلىدۇ. نورمالدا

بۇ ئىشلارنى قىلغانلارغا ئۇيغۇرچىدە «تۇغۇت ئانىسى»، تۈركچىدە « Ebe »، ئىنگلىزچىدە « Midewifery » دېيىلىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى تۇغۇت ئانىلىرىنى «ھامىلدارلىق مەزگىلىدە، تۇغۇت جەريانىدا، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئانا بىلەن بوۋاقنىڭ ئوخشىمىغان كۈتۈنۈش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان، نورمال تۇغۇتلارنى تۇغدۇرۇش ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىش ۋە پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى قىلىدىغان كىشىلەر» دەپ بەلگىلىگەن.

تۇغۇت ئانىسى كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

تۇغۇت ئانىلىقى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر كەسىپ بولۇپ، ھازىرقى زامان سەھىيە ساھەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ كەسپمۇ ئىنتايىن ئىلگىرىلەپ دۇنيا مىقياسىدا تېخىمۇ كېرەكلىك ھالغا كەلدى. مەسىلەن بۇ كەسپتە: باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق، ھەتتا پروفېسسورلۇققىچە ئۆرلەپ ئوقۇش، خىزمەت قىلىش ئىمكانىيەتلىرى مەۋجۇت. بۇ كەسىپنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال كىشى بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپا ئەللىرىدە بۇ كەسىپنى تاللاپ ئوقۇيدىغان ئەرلەرمۇ بار. (تۈركىيەدە بۇ كەسىپكە ئەرلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ.)

تۇغۇت ئانىسى بولۇشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ

ساغلاملىقنى ئالاقىدار مەسىلىلەرگە بولغان قىزىقىشى، تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كەسىپنى ئوقۇغانلارنىڭ كۆيۈمچان، كەڭ قورساق، سەۋرچان ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى بۇ كەسىپنىڭ تەلەپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

تۈركىيەدە تۇغۇت ئانىسى كەسپى قانداق ئوقۇتۇلىدۇ؟

تۈركىيەدە تۇغۇت ئانىسى كەسپى 4 يىللىق بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن، نورمالدا ھەر مەۋسۇمدا 6 ياكى 8 پەندىن نەزەرىيە دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. مەسىلەن: سەھىيە بىلىملىرىنىڭ ئاساسى تۈرلىرىدىن: «بىئوخىمىيە»، «ئاناتومىيە»، «فىزىئولوگىيە»، «مىكروبىيولوگىيە»، «پاتولوگىيە»، «ئىچكى كېسەللىكلەر»، «جىددىي قۇتقۇزۇش»، «دورىگەرلىك»، «نورمال تۇغۇت»، «خەتەرلىك تۇغۇت»، «نورمال ھامىلدارلىق»، «خەتەرلىك ھامىلدارلىق»، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ساغلاملىقى» قاتارلىق خىلمۇخىل دەرسلەر بار. ئۆتۈلگەن نەزەرىيە دەرسلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەزى دەرسلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن 1 - يىللىقتىن باشلاپ تەجرىبىخانا ۋە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىگەن دوختۇرخانىلىرى ۋە ئائىلە ساغلاملىق مەركەزلىرىدە پراكتىكا قىلىش باشلىنىدۇ.

بۇ كەسىپ ئۈچۈن سەھىيە ئىدارىسىدىن بەلگىلەنگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(پەقەت تۈركىيەدىكى مائارىپ شەرتلىرىگە ئاساسەن يېزىلدى.)

- 40 قېتىملىق تۇغۇتنى ئۆزىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياردەم ئالماي تۇغدۇرۇش.
- 100 نەپەر ھامىلدارنى كۆزىتىش ۋە تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش.
- 40 نەپەر ھامىلە ئايالنى ھامىلدارلىقى بويىچە كۆزىتىش ۋە پەرۋىش قىلىش.
- 100 قېتىملىق تۇغۇتتىن كېيىنكى مەزگىلدە ئانىنىڭ ساغلام ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن پەرۋىش قىلىش.
- يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش.
- 15 نەپەر خەتەرلىك دەپ قارالغان ھامىلە ئايالنى كۆزىتىش.
- 10 نەپەر خەتەرلىك تۇغۇت دەپ دىئاگنوز قويۇلغان ھامىلىنى نازارەت قىلىش.
- 15 نەپەر تۇغۇتتىن كېيىنكى ۋاقتىنى خەتەرلىك دەپ دىئاگنوز قويغان ئانىنى كۆزىتىش.
- «Episiotomy» يەنى زاغرا تىلمىزدىكى «كىچىك ئوپېراتسىيە»نى قىلىشنى بىلىش.
- تەتۈر تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇغۇش جەريانىغا تولۇق قاتنىشىش.

يۇقىرىدا يېزىلغان شەرتلەردىن باشقا مەكتەپتىكى نەزەرىيە دەرسلىرىدىن مەكتەپنىڭ بەلگىلىگەن نومۇرى بىلەن ئۆتۈش كېرەك. بەلگىلەنگەن شەرتلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى»غا ئىگە بولالايدۇ.

تۇغۇت ئانىسى كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئىش تېپىش پۇرسەتلىرى:

ئەگەر سىز تۈرك پۇقراسى بولسىڭىز، تۈركىيەنىڭ ئىككى يىلدا بىر دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان مەمۇرلارنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ئىمتاھانىغا «KPSS» قاتنىشىشىڭىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ كەسىپ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ خىزمەتكە قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى بەك يۇقىرى بولمايلا قالماي، ئىشقا ئېلىش نىسبىتىمۇ باشقا كەسىپلەرگە قارىغاندا خېلىلا يۇقىرى. (بۇ يىلقى <2020> نومۇر چېكى 65 قىلىپ بېكىتىلگەن.) بۇ ئىمتىھاندىن ئالغان نومۇرلارنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە قاراپ چوڭ - كىچىك شەھەرلەردىن دۆلەت دوختۇرخانىلىرىغا

قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن 75 نومۇر بىلەن ئىستانبۇلدىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنسا 65 نومۇر بىلەن باشقا شەھەرلەردىكى دوختۇرخانىلارغا بىمالال قوبۇل قىلىنالايدۇ. ئەگەر تۈرك پۇقراسى بولمىسىڭىز، شەخسىي دوختۇرخانىلاردا ئىشلىيەلەيسىز، ھەم شەخسىي يەرلەردە ئىشقا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىڭىزمۇ يۇقىرى بولىدۇ

## دۆلەت دوختۇرخانىسى بىلەن شەخسىي دوختۇرخانىنىڭ پەرقى:

دۆلەتنىڭ بەلگىلىگەن ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ مەمۇر بولۇپ، دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشقا كىرسىڭىز ئالىدىغان مائاشىڭىز 4500 بىلەن 7000 ئەتراپىدا بولىدۇ ۋە مائاشىڭىزنى دەل ۋاقتىدا ئالالايسىز، ئىش سائىتىڭىز دۆلەتنىڭ بەلگىلىگەن ئىشلەش سائىتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سۇغۇرتىڭىزمۇ ۋاقتىدا تۆلىنىپ ماڭىدۇ، سۇغۇرتىڭىز ۋاقتىدا تۆلىنىپ ماڭسا پېنسىيىگە چىقىش ئىشلىرىڭىز ئاسانلىشىدۇ.

شەخسىي ئورگانلاردا ئىشلىسىڭىز ئايلىق مائاشىڭىز دۆلەتنىڭ بېرىدىغان مائاشىدىن تۆۋەن بولۇش بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئورۇنلارغا قارىتا ئۆزگىرىدۇ. مائاشىڭىز تەخمىنەن 3500 بىلەن 4500 ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەش ۋاقتى بەزىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. مائاش تارقىتىش ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرىدا كېچىكىش ئېھتىماللىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا خىزمەت ئىزدىگەن ۋاقىتتا شەخسىي ئورۇنلارنىڭ بۇ ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ بەكرەك سۈرۈشتە قىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ كەسىپتە ئوقۇشنى ئويلاشقانلار ئۈچۈن مەكتەپلەرنىڭ قوبۇل قىلىش نومۇر چەكلىرى:

بۇ كەسىپ ئۈچۈن مۇقىم بىر نومۇر يوق. مەكتەپلەر ھەر يىلى ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە نومۇر چېكى قويىدۇ. چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن 2020 - يىلىنىڭ نومۇر چېكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 65 بولدى.

ئەگەر سىز بۇ كەسىپتە ئوقۇشنى ئويلىشىۋاتقان بولسىڭىز سەھىيە بىلىملىرى ئۈچۈن لازىم بولغان بەزى دەرسلەردىن ئاساس تىكلىۋېلىڭ. ئۈستىدە يېزىلغانلىرى بولسا نۇرغۇن ئىزدىنىشلەردىن كېيىن كۆپىنچە تەتقىقاتچىلارنىڭ تۇغۇت ئانىلىرى ئۈچۈن ئورتاق قويغان تەلەپلىرى. مەنمۇ كۆپ ئىزدىنىپ ئاساسىي تەلەپلەرنى يىغىپ سىلەر ئۈچۈن سۇندۇم، چۈنكى بەزى كەسىپلەر قۇلاققا چىرايلىق ئاڭلانغان بىلەن ھەممىلا ئادەمگە ماس كېلىشى ناتايىن. بىر كەسىپنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، خاتا تاللاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغۇچە بىر ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ. مەيلى سىز كىم بولۇڭ، قانداق كەسىپ تاللاڭ، قەتئىي قۇلىقىڭىزغا چىرايلىق ئاڭلانغان ياكى مائاشى يۇقىرى، كەلگۈسى پارلاق دېگەن گەپلەر بىلەن كەسىپ تاللىماڭ! ئاللاھ ھەممە ئىنساننى چوقۇم بىر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ياراتتى. بەلكىم سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىز ئىنژېنېرلىق ياكى دوختۇرلۇق ياكى يازغۇچىلىق بولۇشى مۇمكىن. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىز تاللىغان كەسپىڭىزنى سۆيىسىڭىز، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالىسىڭىز، ئۇ كەسىپ ئادەتتىكى كەسىپ بولسۇن، ياكى داڭلىق كەسىپ بولسۇن، سىز ئۆز تالانتىڭىز بىلەن ئۇ كەسىپتە ئۇتۇق قازىنالايسىز. ئۇمۇر دېگەن ئىنتايىن قىسقا! بۇ قىسقا ئۆمرىڭىزدە سىزنىڭ ھازىر تاللىغان كەسپىڭىزنى سۆيۈش ياكى سۆيمەسلىكىڭىز كېيىنكى ئۆمرىڭىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىزگە بەرگەن ئۆزىڭىزدىكى تالانتنى قېزىپ چىقىڭ ۋە شۇ تالانتىڭىزنى ئاللاھ يولىدا، جەننەت يولىدا، ئۇممەت يولىدا سەرپ قىلىڭ! دەل شۇ ۋاقىتتا سىز ئىككى دۇنيادا ئۇتۇق قازانغۇچىلاردىن بولالايسىز. چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەتتە بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ ئۆلچەندىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر».[1]

1 - ئەئراف سۈرىسى، 8 - ئايەت.



نۇرئىمان نىياز
سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى
بالىلار تەرەققىياتى كەسپى، ماگىستىر ئاسپىرانتى

# بالىلار تەرەققىياتى كەسپى

تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسانلار شەخسىي باغلىنىشتىن چىقىپ مۇستەقىللىققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئالدىن كۆرۈشلۈك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر جەرياندەك تۇرسىمۇ، بىراق، بۇ جەرياندا ھەربىر بالىدا ئوخشىمايدىغان پەرقلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ھەربىر بالا ئوخشاش تېزلىكتە ئىلگىرىلىمەيدۇ. ھەربىر قەدەم باسقۇچ ئالدىنقى بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ، تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىرسىيەت ئامىلى ۋە مۇھىتنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بالىلار تەرەققىياتى (Çocuk Gelişimi) كەسپى دەل بالىلار تا ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۆرەلگەندىن باشلاپ، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچە بولغان جەرياندا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پسىخولوگىيىلىك، بىئولوگىيىلىك ۋە ھېسسىي ئۆزگىرىش جەريانىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بىر ئاكادېمىك جەرياندۇر.

بۇ كەسىپ 0 - 18 ياش ئارىسىدىكى بوۋاقلىقتىن بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى ئاخىرلاشقۇچە بولغان نورمال ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، ئالاھىدە مائارىپقا ئېھتىياجلىق بولغان، قوغدىنىشقا ئېھتىياجى بولغان (نورمال ياكى ئالاھىدە ئېھتىياجلىرى بولغان، يىغىۋېلىش ئورنىدا تۇرىدىغان بالىلار؛ بالا ئىشچىلار؛ مۇساپىر بالىلار ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلانغان بالىلار) ۋە دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدىغان بالىلارنىڭ بارلىق تەرەققىيات ساھەلىرىنى (ئەقلىي، تىل، مۇسكۇل، كۆندىلىك تۇرمۇش قابىلىيىتى، ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىي تەرەققىياتى) ئىلگىرى سۈرىدىغان پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، بالىغا، ئائىلىگە، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان بالىلار تەرەققىيات تەربىيىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بالىلار تەرەققىياتى ساھەسىدە ئاكادېمىك تەتقىقاتلارنى قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان.

بالىلار تەرەققىياتى كەسپىگە تۈركىيەدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بولغان LYS نىڭ TM-3 نۇمۇر سىزىقى تۈرى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، ئادەتتە بۇ كەسىپكە بىر سىنىپقا 50 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇ كەسىپتە ئوقۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى ئالغان دىپلوم بىلەن بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە يەكۈنلەپ چىققان نەتىجىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تەلىم- تەربىيە پىلانى تۈزۈش، ئائىلىلەرگە مەسلىھەت بېرىش، ئۇنىڭدىن باشقا تەرەققىياتىدا بىنورماللىق كۆرۈلگەن بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغان مۇۋاپىق تەۋسىيەلەرنى بېرىش، ئالدىنى ئېلىش پىلانلىرىنى تۈزۈش، ئائىلە بىلەن تەربىيىچى ھەمكارلىق ئورنىتىش... قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلالايدۇ. يەنە شۇنداقلا ئالاھىدە مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە مائارىپقا ئېھتىياجلىق بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا دىئاگنوز قويۇپ، بالا ۋە ئائىلە ئېھتىياجلىق بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، كەسپىي قائىدە تۈزۈملەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن بالىلار ۋە ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

## بۇ كەسىپنىڭ تۈركىيەدىكى تارىخى

بۇ كەسىپ ئەڭ دەسلەپتە 1968 - يىلى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى، ساغلاملىق بىلىملىرى فاكۇلتېتىغا قاراشلىق ئائىلە ئىقتىسادى ئالىي تېخنىكومىدا «بالىلار تەرەققىياتى ۋە تەربىيىسى» نامى بىلەن قۇرۇلغان. 1972 - يىلى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ئائىلە ئىقتىسادى ئالىي تېخنىكومىنىڭ رەسمىي بىر ئىنستىتۇتى بولۇپ بىۋاسىتە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە قاراشلىق قىلىنغان. 1976 - يىلىدىن باشلاپ ئالاھىدە مائارىپ ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات قىلىشنى باشلىغان بولۇپ 1982 - يىلى 12 - ئايدا تۈركىيە مائارىپ نازارىتىنىڭ قارارى بىلەن ئالاھىدە مائارىپ كەسپى ئېچىلغان. شۇنداقلا بالىلار تەرەققىياتى ۋە تەربىيىسى ئىنستىتۇتى، بالىلار تەرەققىياتى

ۋە تەربىيىسى كەسپى ۋە ئالاھىدە مائارىپ كەسپىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەدە ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىغان. شۇنداقلا ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى، باللار تەرەققىياتى ۋە تەربىيىسى كەسپى تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ ئېچىلغان ۋە بۇ ساھەدە باشلامچى رول ئوينايدىغان، ئۈلگىلىك مەكتەپ بولۇپ قالغان. 1977 - يىلى رەسمىي ھۆكۈمەت قارارى بىلەن بۇ كەسپتىن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر سەھىيە خىزمەتچىلىرى ۋە ياردەمچى سەھىيە خىزمەتچىلىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان.

2007 - يىلى ئالىي مائارىپ نازارىتىنىڭ قارارى بىلەن بۇ كەسپ ساغلاملىق بىلىملىرى فاكۇلتېتىغا قاراشلىق قىلىنىپ، ئىسمى «باللار تەرەققىيات كەسپى» بولۇپ قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەن. 2015 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيەدىكى 196 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 36سىدە تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكى باللار تەرەققىيات كەسپى بار بولۇپ، بۇنىڭ 14ى ساغلاملىق بىلىملىرى فاكۇلتېتىغا، 17سى ساغلاملىق ئالىي تېخنىكومىغا، 5ى بولسا ساغلاملىق بىلىملىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىغا قاراشلىق ۋە بۇ 36 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكى باللار تەرەققىياتى كەسپىنىڭ 20سىدە ئاكتىپ ھالدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان باللار تەرەققىياتى كەسپىنىڭ 11ى ۋەخپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 9ى دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولۇپ، بۇ كەسپكە ھەر يىلى 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە.

## باللار تەرەققىياتى كەسپىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى قانچە يىل؟

تۈركىيەدە باللار تەرەققىياتى كەسپى ئوخشاش ئىسىم بىلەن ھەم ئىككى يىللىق مەخسۇس كۇرس، ھەم 4 يىللىق تولۇق كۇرس كەسپى ھالىتىدە ئوقۇتۇلماقتا. بۇ ئىككى تاللاشنى سېلىشتۇرغاندا ئىككى يىللىق مەخسۇس كۇرس كەسپلىرى بەكرەك ئومۇملاشقان بولۇپ، 4 يىللىق تولۇق كۇرس كەسپلىرى ئېچىلغان مەكتەپلەردىن 2 يىللىق مەخسۇس كۇرس كەسپى ئېچىلغان مەكتەپلەر كۆپرەك.

باللار تەرەققىياتى كەسپىدە قانداق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ؟

ئالىي مەكتەپتە كەسپ تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئەگەر باللار تەرەققىيات كەسپى سىزنىڭ تاللاش دائىرىڭىزنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالسا، سىز ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى دەرسلەرنى ئوقۇشىڭىز مۇمكىن. يەنە بىرگە مەكتەپ بىلەن مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىگەچكە ئوخشىماسلىقلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. (مەن تولۇق كۇرسنى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، باللار تەرەققىياتى كەسپىدە ئوقۇغان بولغاچقا، دەرسلەرنى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرس پروگراممىسىغا ئاساسەن مىسال قىلىپ يېزىپ چىقتىم.)

## ئۆتىلىدىغان دەرسلەر:

«ئاتاتۈرك ئىنقىلابى»، «جەمئىيەتشۇناسلىق»، «بىئولوگىيە»، «دەسلەپكى فىزىكا»، «ئاناتومىيە»، «دەسلەپكى ماتېماتىكا»، «تۈرك تىلى»، «ئالاقە ماھارەتلىرى»، «تەنتەربىيە»، «ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىققا كىرىش»، «فىزىئولوگىيە»، «تەرەققىيات پسىخولوگىيىسى»، «دراما»، «پسىخولوگىيە»، «دەسلەپكى خىمىيە»، «چەتئەل تىلى»، «بوۋاقلىق مەزگىلىدىكى تەرەققىيات»، «باللار ئەدەبىياتى»، «ئۆگىنىش پسىخولوگىيىسى»، «ئائىلە ۋە تۇرمۇش دىنامىكىسى»، «باللار روھىي ساغلاملىقى»، «پىلانلىق تۇغۇت»، «مەسلىھەت بېرىش قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى»، «ئۇچۇر ۋە ئالاقە تېخنىكىسى»، «بىئوستاتىستىكا»، «باللار تەرەققىياتى ۋە پسىخولوگىيىسى»، «باللار ساغلاملىقى ۋە كېسەللىكلىرى»، «دوختۇرخانا ۋە باللار»، «باللىق مەزگىلىدە كومپيۇتېر»، «مېيىپ باللار»، «ئالاھىدە مائارىپتا دراما»، «بالاغەت مەزگىلىدىكى باللار ۋە ئائىلە»، «دەسلەپكى باللىق مەزگىل»، «ئويۇن ۋە ئويۇن ماتېرىياللىرى»، «ئانا - بالىنىڭ ئوزۇقلىنىشى»، «ئوقۇشتىن بۇرۇنقى مائارىپ پروگراممىلىرى»، «ئالاھىدە مائارىپ پروگراممىلىرى»، «باللىق مەزگىلدە ئىجادچانلىق ۋە سەنئەت»، «باللار ھوقۇقى»، «باللار ۋە تەبىئەت»، «باشقۇرۇش ئىلمى»، «نېرۋا تەرەققىياتى»، «باللار ۋە قانۇن»، «تىل ۋە ئالاقە نورمالسىزلىقلىرى»، «جىسمانىي جەھەتتە ئۆزلۈكلۈك باللار»، «باللارنى تونۇش ۋە باھا بېرىش ئۇسۇللىرى»، «مېيىپ باللىرى بار ئائىلىلەرگە مەسلىھەت بېرىش»، «باللار تەرەققىيات نەزەرىيەلىرى»، «ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرى»... قاتارلىقلار.

8 مەۋسۇم يەنى 4 يىللىق ئوقۇش جەريانىدا بۇ دەرسلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈگىتىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا باللار تەرەققىيات كەسپىدە تولۇق كۇرس

دىپلومى بېرىلىدۇ ۋە بالىلار تەرەققىيات تەربىيەچىسى بولىدۇ.

بۇ كەسىپتە 2 يىللىق مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر بالىلار تەرەققىياتى كەسپى خىزمەتچىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. 2 يىللىق مەخسۇس كۇرس پۈتتۈرگەنلەر دوختۇرخانىلاردا خىزمەت قىلالمايدۇ.

بۇ كەسىپتە ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەنلەر رەسمىي ھالدا بالىلار تەرەققىيات مۇتەخەسسىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ. 2 يىللىق مەخسۇس كۇرستا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار كەسىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ كەسىپنى تولۇقلاپ ئوقۇپ 4 يىللىق تولۇق كۇرس دىپلومى ئېلىشنى ئويلاشسا تۈركىيەدە ھەر يىلى 2 يىللىق كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانىغا (DGS) قاتنىشىپ، ئەگەر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ قالسا بالىلار تەرەققىياتى، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىقى، ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىقى، ئىجتىمائىي خىزمەت قاتارلىق كەسىپلەردە 4 يىللىق تولۇق كۇرس كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيالايدۇ.

## بالىلار تەرەققىياتى كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟

بۇ كەسىپنى پۈتتۈرگەن بالىلار تەرەققىياتى تەربىيەچىلىرى بالىلارنىڭ تا بوۋاقلىقتىن بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىگىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىنى كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇلاردا كۆرۈلگەن ھەرخىل مەسىلىلەرنى بايقاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن تەرەققىيات جەريانىدا ياردەمچى بولىدۇ.

## بالىلار تەرەققىياتى كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر نېمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟

بالىلار تەرەققىيات تەربىيەچىلىرى كەسپىي تەربىيلەش ئورۇنلىرىدا، دوختۇرخانىلاردا، ئىجتىمائىي خىزمەت ئورگانلىرىدا، يەسلىلەردە، مەكتەپلەردە، ئالاھىدە مائارىپ ئورۇنلىرىدا، ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيلەش مەركەزلىرىدە، تۈرمىلەرگە قاراشلىق يەسلى ۋە تەربىيلەش مەركەزلىرىدە، يېتىم بالىلارنى تەربىيلەش مەركەزلىرىدە ۋە بالىلارنى يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا، مائارىپ ئىدارىسى، مائارىپ نازارەتلىرىدە، رادىئو - تېلېۋىزورلاردىكى بالىلار ۋە ياشلار پروگراممىلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشىدە، بالىلار تىياتىرلىرى ۋە بالىلار كىنو - فىلىملىرىدە؛ بالىلارغا مۇناسىۋەتلىك كىتاب؛ ژۇرنال؛ گېزىتلارنىڭ تەييارلىنىشىدا، بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىلىشىدا، UNICEF, IL0قاتارلىق خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىدا؛ پۇقراۋى ياردەم ئورۇنلىرىدا رەھبەر؛ باشقۇرغۇچى؛ پىلانلىغۇچى ۋە ياكى خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئىمكانىيىتى بولسا ئۆزى مۇستەقىل ھالدا بالىلار ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىش مەركەزلىرىنى، يەسلىلەرنى، ئالاھىدە مائارىپ مەركەزلىرىنى ئېچىپ شەخسىي ھالدا ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ ياكى بالىلار تەربىيىسى جەھەتتە ئائىلىلەرگىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلالايدۇ.

تۈركىيەدە بۇ كەسىپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلىمەكچى بولغانلار تۈركىيەنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى تاللاش ئىمتىھانى يەنى KPSSغا قاتنىشىپ بەلگىلەنگەن نومۇر سىزىقىغا يەتسە دۆلەت مەمۇرلۇقىغا قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجلىق ئورگانلىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

## بالىلار تەرەققىياتى كەسپى بىلەن يەسلى ئوقۇتقۇچىلىقى كەسپىنىڭ پەرقى نېمە؟

بۇ ئىككى كەسىپنىڭ تۈركىيەدىكى پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1 - يەسلى ئوقۇتقۇچىلىقى كەسپىگە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بالىلار تەرەققىياتى كەسپىگە بولسا ئوخشاش نىسبەت (eşit ağırlık) يەنى ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەبىئىي پەن ئوخشاش نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2 - يەسلى مائارىپىدا 0 - 6 ياش بالىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە يەسلى ئوقۇتقۇچىلىقى كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ.

بالىلار تەرەققىياتى كەسپىدە بولسا 0 - 18 ياش بالىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەربىيىسى ھەققىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ساغلاملىق ساھەسىدە تەربىيلىنىدۇ. شۇنداقلا بالىلار تەرەققىيات تەربىيەچىسى بولۇپ ھەر ساھەدە خىزمەت قىلىدۇ.



# ئائىلىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدىلەر[1]

**تەرجىمىدە: فەتھۇددىن ئابدۇررەئۇف**

ئىستانبۇل ساباھەتتىن زەئىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام ئىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، ساھابە كىراملار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنىمىزگە قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ۋە قوشۇۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولسۇن.

شەكسىزكى، ئائىلە _ كىشىلەرنىڭ راھەتلىنىش ماكانى ۋە كۆڭۈل خوشاللۇقىنىڭ مەنبەسى، ئىنسانىنىڭ ھاياتتىكى تۇنجى دەرسىنى ئالىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان مەكتىپىدۇر. ئائىلىنىڭ ئورنى شۇنچە يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىنىڭ توغرا لىنىيىدە داۋام قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئەدەپ - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنىشى لازىم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى سۆزلەپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەيدۇ. بىزلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۇ قىلغان ۋە تەۋسىيە قىلغان ئەدەپ - ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ ماقالىمىزدە ئائىلىدە مېھىر - مۇھەببەت ئاساسىدا يارالغان ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ۋە ئائىلىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىپ نەمۇنىلىك ئائىلە بولۇشىغا ياردىمى بولىدىغان ئەدەپ - قائىدىلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

## بىرىنچى: ئۆيگە كىرگەندە «بىسمىللاھ» دەپ كىرىش.

چۈنكى ھەدىستە كۆرسىتىلگىنىدەك، ھەر ئىشنىڭ بېشى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلانسا بۇ ئىش بەرىكەتلىك بولىدۇ، يامانلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكتىن يىراق بولىدۇ. بىز بۇ ياخشى ئىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرساق ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئۆيلىرىمىزدىكى كىچىكلەرگە تەربىيە بەرگەن ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۆلگە بولغان بولىمىز.

1 - آداب وأخلاق يجب مراعاتها في الأسرة، اللجنة العلمية في مكتب الدعوة والإرشاد وتوعية الجاليات في جنوب بريدة.
/https://www.alukah.net/social/0/135578%20%20%20

## ئىككىنچى: ئائىلە ئىچىدە ئۆزئارا چىرايلىق سۆزلىشىش.

«ياخشى گەپ تاشنى يارار» دەپ گەپ بار. ياخشى سۆز جاراھەتنىڭ داۋاسىغا ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ياخشى سۆزنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ۋە ئارىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە رولى چوڭ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلىدىكى ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە كىرىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئەي سۆيۈملۈك قىزىم، خۇش كەلدىڭ! بۇياققا كەل، يېنىمدا ئولتۇر!› دەپ ئۇنى ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى».[1] ئائىلە ئىچىدىكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مېھرىبانلىق ۋە ھۆرمەت تۈسىدىكى سۆزلەر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر تائامنى ئەيىپلىمەيتتى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى، بولمىسا يېمەيتتى».[2] تائامنى ئەيىپلەپ، ئەتكەن كىشى ۋە تائامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايتتى، خاتالىقلارنى چىرايلىقچە كۆرسىتىپ قوياتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىگىرمە يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە تۇرغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قىلىپ سالغان ۋە قىلماي قالغان بىرەر ئىش ئۈچۈن كايىپ ئاچچىقلانمىغان ئىدى.

## ئۈچىنچى: غەيۋەت قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇش.

بەزى ئائىلىلەردە بىلىپ - بىلمەي باشقىلارنىڭ غەيۋىتى قىلىنىدۇ. بالىلارغا ئەلۋەتتە بۇنىڭمۇ يامان تەسىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ بۇنىڭدەك ئىللەتلەرنى ئېغىر ئالمايدىغان بولىدۇ ۋە ئۇلاردىمۇ بۇنداق ئىللەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئادەمنىڭ گېپىنى قىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بىر ئادەم ھەققىدە گەپ سۆز قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيا بېرىلسە، بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ خۇرسەن بولمايمەن› دېگەن ئىدى».[3] شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغانچىلىققا ئوخشاش يامان ئىللەتلەردىن تىلىمىزنى ساقلىشىمىز كېرەك.

## تۆتىنچى: ئائىلىدە چوڭ - كىچىك ھەربىر ئىشلاردا بىر - بىرىگە ياردەمدە بولۇش ۋە مەسلىھەت بېرىشىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىش.

بۇنداق قىلىش ئائىلە ئەزالىرىغا ئۇلارنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ھەربىر قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىدىغان روھنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەسۋەد رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە نېمە ئىشلار بىلەن بولاتتى؟› دەپ سورىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى›».[4]

## بەشىنچى: بالىلار ئالدىدا تالاش - تارتىش قىلىشماسلىق.

چۈنكى بالىلار ئالدىدا تالاش - تارتىش قىلىش، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىناق ئائىلە تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ زېھنىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. ھەتتا، كەلگۈسىدە ئۇتتۇق قازىنالماسلىقىغىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بالىلىرىنىڭ يارامىلىق، ياخشى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ھەر ئىشنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئەتراپلىق ئويلىيالايدىغان ئاتا - ئانا بۇنداق تالاش - تارتىشلارنى بالىلار ئالدىدا قىلمايدۇ، ئۆزىمۇ

2 - سەھىھۇل بۇخارىي، 6285 - ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.
3 - سەھىھ ئىبنى ھىببان، 6437 - ھەدىس.
4 - تىرمىزى، 2502 - ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

ھەم بۇنداق تالاش - تارتىشلاردىن ئامال بار يىراق تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر».[5]

### ئالتىنچى: ئائىلە مەخپىيەتلىكىنى سىرتقا يايماسلىق.

ئائىلە ئىچىدىكى ئىشلار سىرتقا يېيىلغاندا كىشىلەر ئارىسىدىكى سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ھەتتا، ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن ئاجرىشىپ، بالىلارنىڭ سەرسان بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

### يەتتىنچى: ئائىلە ئىچىدە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنى قانات يايدۇرۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر ئائىلىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا مېھرىبانلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ».[6] چۈنكى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا سۆز ۋە مۇئامىلىدە مېھرىبانلىق ئۇمۇملاشقاندا ئائىلە گۈللىنىدۇ، بەخت - سائادەتكە چۆمىدۇ، بىھۇدە تالاش - تارتىش، ئورۇنسىز جېدەل - ماجىرالار بارا - بارا يوقۇلۇپ ئائىلىدە ئىناقلىق بەرپا بولىدۇ.

### سەككىزىنچى: كۆڭۈل ئاغرىقى چىقىرىدىغان گەپلەرنى، يالغان سۆزلەرنى ئارلاشتۇرماي ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ تۇرۇش.

بۇمۇ ئائىلىدە ئىناقلىق پەيدا قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرى. رەھمەت ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ناھايىتى خۇشچاقچاق زات ئىدى. نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۇلارنى ئەركىلىتىپ تۇراتتى. چۈنكى چاقچاقلىشىش زېرىكىشنى ئالىدىغان، ئائىلىۋى ئالاقىلەرنى كۈچەيتىدىغان ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

### توققۇزىنچى: ئۆزئارا ھەدىيە بېرىپ تۇرۇش.

ھەدىيە قىلىشىش سۈننەت، ھەم مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى. كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلپەت پەيدا قىلىدىغان، يىراقلارنى يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئاداۋەت يوقىتىدىغان ۋە يېقىنلىقنى كۈچەيتىدىغان ئېسىل خىسلەتتۇر. ھەدىيە قىلىنغان نەرسە گەرچە ئاددىي بولسىمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇلمايدۇ، گۈزەل تەسىر قالدۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىيە قىلىشىپ تۇرۇڭلار، مېھىر - مۇھەببىتىڭلار كۈچىيىدۇ».[7]

### ئونىنچى: مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئائىلە ئەزالىرى يىغىلىپ سۆھبەتلىشىپ تۇرۇش.

بۇنداق سۆھبەتلەر پات - پات بولۇپ تۇرغاندا ئائىلىدىكىلەر ئارىسىدا چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىدۇ، بالىلار بىلەن ئاتا - ئانا ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت كۈچىيىپ، بالىلارنىڭ ئائىلىدىن ھېس قىلالمىغان ئىللىقلىقنى سىرتتىن ئىزدەپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللىرىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ.

### ئون بىرىنچى: بىرى گەپ قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزىگە چىرايلىقچە قۇلاق سېلىپ دىققەت بىلەن ئاڭلاش، سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە سۆزىنى كەسمەسلىك.

بۇنداق قىلىش گەپ قىلغۇچىغا قىلىنغان ھۆرمەت ۋە سەممىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. گەپنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈش

5 - سەھىھ ئەدەپ ئەلمۇپرەد، 418 – ھەدىس.
6 - مۇئجەمۇل ئەۋسەت، 6 - توم 187 – ھەدىس.
7 - سەھىھ ئەلجامىئ، 1704 - ھەدىس.

ۋە ياكى گەپ قىلىشقاندا پەرۋاسىز باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ سۆزگە دىققەت قىلماسلىق قارشى تەرەپكە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك بولۇپ، ئائىلىنىڭ پىكىر ئايرىمچىلىقىغا ۋە ئائىلىدە بىر - بىرىنى چۈشەنمەسلىككە، جېدەل - ماجىرا كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، تېخىمۇ يامان بولغاندا ئائىلىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا سۆرەپ كېلىش ئېھتىماللىقى بار.

### ئون ئىككىنچى: ئۆيگە كىرگەندە سالام - سەھەت بىلەن كىرىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: « ئۈچ تۈرلۈك كىشى ئاللاھنىڭ كاپالىتىدىدۇر»[8] دېدى ۋە ئۇلار قاتارىدا ئۆيگە كىرگەندە ئەھلىگە سالام قىلىپ كىرگەن كىشىنىمۇ سانىدى. ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ: «ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى، مەرھەمىتى بىلەن ھەدىستە سۆزلەنگەن بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ھەر تۈرلۈك خەۋپ - خەتەردىن ۋە بەھۇدە، مەنىسىز ھاياتتىن ساقلايدۇ» دەيدۇ.

### ئون ئۈچىنچى: ئائىلە ئەزالىرى بىر - بىرىنىڭ ياتاق ئۆيلىرىگە رۇخسەت سوراپ كىرىشى، خۇسۇسىي نەرسىلىرىگە رۇخسەتسىز چېقىلماسلىقى كېرەك.

ياتاق ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرگەندە قارشى تەرەپنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىمىغان ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىشى، شۇ ئارقىلىق ئارىدىكى ھۆرمەتكە تەسىر يېتىشى ۋە كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

### ئون تۆتىنچى: ئائىلە ئىچىدە بىر - بىرىنىڭ بەزى سەۋەنلىكلىرىگە كۆز يۇمۇش.

چۈنكى خاتالىق ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش ھەر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار بولۇپ، پۈتۈن ئىشلارنى يۈزىگە ئۆرۈپ خىجالەتتە قويۇش ئورۇنسىز، شۇنداقلا ئارىدىكى پەردىشەپنى بۇزىدىغان بىر ئىش.

### ئون بەشىنچى: ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا چوڭ - كىچىك ھەربىر ئىشقا رەھمەت ئېيتىش.

ئۆزئارا دۇئا قىلىشىپ تۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ ئاتا - ئانىلار باللىرى ئۈچۈن، باللار ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم سۈننەتلەرنىڭ بىرى.

## خۇلاسە:

يۇقىرىدا ئائىلىلەردە ئەمەل قىلىنىش قىممىتى زور دەپ قارالغان 15 دانە ئەدەپ - قائىدىنى بايان قىلدۇق. ئەدەپ - قائىدىلەر پەقەت مۇشۇلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز، ماقالىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇشۇلار بىلەن كۇپايىلەندۇق. دانالار «جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتى ئائىلىدىن باشلىنىدۇ» دېگەنىكەن. ئاللاھ ھەربىر ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ بۇ ئەدەپ - ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىپ نەمۇنىلىك بىر ئائىلە بولۇپ ئەتراپىتىكى ئۇرۇق – تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارغا ئەخلاقىمىز ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئەخلاقلىق بىر جەمئىيەتنىڭ سەۋەبكارى بولۇشىمىزنى نېسىپ قىلسۇن! ئاللاھ بىزنى بىلگەنگە ئەمەل قىلىدىغان، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك سەممىي كىشىلەردىن بولغىلى نېسىپ قىلسۇن!

8 - بۇخارىي ئەدەپ ئەلمۇپرەد، 594 - ھەدىس



# كىچىك قارا بېلىق

- سەمەت بەھرەنگى

تەرجىمە: ئابدۇلقادىر زاغىئوغلى
كاستومونۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى
ۋە ئانادولۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىخ كەسپى ئوقۇغۇچىسى

ھېكايە ئىسمى ئۇيغۇرچىدە «قارا بېلىجان» دەپ ئىپادىلەنسە تېخىمۇ گۈزەل بولاتتى، ئەمما ئوخشاش ئىسىمدىكى باشقا بىر ھېكايە بولغانلىقتىن ئايرىلىش كەتمەسلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئىسىم لايىق كۆرۈلدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئازكەم بىر يىل ئىلگىرى « تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى »دەرسىمىزدە ئوقۇتقۇچىمىز ئۇشبۇ ھېكايىنى ئوقۇپ ئۆتكەنىدى. گەرچە دەرسىمىزدە بۇ ھېكايە تەسەۋۋۇپىي سىمۋوللار بىلەن ئىزاھلانغان بولسىمۇ، مەندە باشقىچە بىر تەسىرات قالدۇردى، كىچىك بېلىقنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ماڭا كىملەرنىدۇر ئەسلەتتى. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ھېكايىنىڭ يازغۇچىسى ھەققىدە ئىزدەندىم. يازغۇچى تېگى ئەزەربايجانلىق، ئىراندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياش تۇرۇپلا ھاياتقا ۋىدالاشقان سەمەت بەھرەنگى دېگەن كىشى ئىكەن. سەمەت بەھرەنگىنىڭ ئىسيانكار روھى ۋە قەلەم بىلەن قىلغان زالىمغا قارشى كۆرىشى مېنى ئوبدانلا تەسىرلەندۈردى. يازغۇچى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن بۇ ھېكايە مەندە باشقىچە ھېسلارنى ئويغىتىشقا باشلىدى. خىيالىمدا قىين - قىستاقلارغا قارىماي ئەگرى - توقايلىق داۋاننى ئېشىشقا تىرىشىۋاتقان بىر «ئۇيغۇر بېلىجان» پەيدا بولۇشقا باشلىدى... شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ھېكايىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى ئويلاشقان بولساممۇ پۇرسىتى بولمىغانىدى. پەلەكنىڭ چاقى بۈگۈننى تاللىغان بولسا كېرەك. مانا بۈگۈن بۇ ھېكايىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش نېسىپ بولۇپتۇ.


— تەرجىماندىن

چوڭقۇر دېڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدە مويسىپىت بېلىق ئون ئىككى مىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا دەريادا ئانىسى بىلەن ياشايدىغان بىر كىچىك قارا بېلىق بار ئىدى. بۇ دەريا تاغدىكى قورام تاشتىن باشلىنىپ ئويمانلىقنىڭ تېگىدە ئاقاتتى. كىچىك بېلىق بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيى بىر قارا تاشنىڭ ئارقىسى ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئىدى. ئۇلار كېچىلىرى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاستىدا ئۇخلايتتى. بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆيدىن ئاي يورۇقىنى كۆرۈۋېلىش كىچىك بېلىقنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

ئانا - بالا ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئەگىشىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە پىرقىراپ يۈرىشەتتى. بەزىدە باشقا بېلىقلارغا قوشۇلۇپ كىچىك بىر يەردە ئايلىنىپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ تۇغقان مىڭلارچە تۇخۇملىرىدىن پەقەت مۇشۇ بېلىقلا ئەي بولغانىدى.

كىچىك بېلىقنى بىر نەچچە كۈننىڭ ياقى غەم - قايغۇ بېسىۋالغانىدى، ئىنتايىن ئاز گەپ قىلاتتى. ھورۇنلۇق بىلەن ئايلىناتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئانىسىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋالاتتى. ئانىسى بالىسىنىڭ بىئارام ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە پات يېقىندا ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما قارا بېلىقنىڭ دەردى ئۇنداق - مۇنداق دەرتلەردىن ئەمەستەك تۇراتتى.



## كىچىك بېلىق بىر كۈنى ئەتىگەن تېخى كۈن چىقماستا ئانىسىنى ئويغاتتى:

_ ئانا، سىز بىلەن ئازراق پاراڭلىشاي دېگەنتىم.

_ پاراڭلىششقا باشقا ۋاقىت يوقتەك مۇشۇنداق چاغنى تاپتىڭمۇ، بالامەي؟ كېيىنراق پاراڭلاشساق بولمامتى؟ خالىساڭ، بىرئاز ئايلىنىپ كېلەمدۇق يە؟

_ ياق، ئانا. بۇندىن كېيىن ئايلىنالمايمەن، بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك.

_ چوقۇم كېتەمسەن؟

_ شۇنداق، ئانا. كېتىشىم كېرەك.

_ لېكىن بۇنداق قاق سەھەردە نەگە بارىسەن؟

_ بۇ دەريانىڭ نەگىچە ئېقىپ بارىدىغىنىنى كۆرۈپ باققۇم بار. بىلەمسىز ئانا؟ نەچچە ئايدىن بۇيان پۈتۈن ئەس - يادىم «بۇ دەريانىڭ ئايىغى قەيەردىدۇ؟» دېگەن خىيالدا. ئەمما ھازىرغىچىلىك بىلەلمىدىم. كېچىدىن بېرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئاخىرى، بېرىپ دەريانىڭ ئايىغىنى تېپىشنى نىيەت قىلدىم. باشقا يەرلەردە نېمە ئىشلار بولىۋاتىدۇ؟ بىلىپ باققۇم بار.

### ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

_ مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا مۇشۇنداق ئىشلارنى جىق ئويلايتتىم. جېنىم بالام، دەريا دېگەن باش - ئايىغى يوق نەرسە، ھەممىسى پەقەت مۇشۇنچىلىكلا. دەريا ھەر دائىم ئېقىپلا تۇرىدۇ، ھېچقاندىاق يەرگىمۇ كەتمەيدۇ.

_ ئانا، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ بىر ئايىغى بولمامدۇ؟ كېچىمۇ ئاياغلىشىدۇ، كۈندۈزمۇ ئاياغلىشىدۇ، ئايمۇ شۇنداق، يىلمۇ شۇنداق...

### ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

_ بۇنداق چوڭ گەپلەرنى بىر ياققا قويۇپ، يۈرە! سىرتقا

چىقمىز. ھازىر پاراڭلىشىدىغان ئەمەس، سەيلە قىلىدىغان چاغ.

_ ياق، ئانا. مەن بۇنداق سەيلىلەردىن زېرىكتىم. ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىققۇم، باشقا يەرلەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم بار. سىز بۇ گەپلەرنى ماڭا بىرەرسى ئۆگەتمىگىن دەپ قالماڭ، مەن بۇلارنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، باشقىلاردىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. مەسىلەن شۇنى تونۇپ يەتتىم، بېلىقلارنىڭ كۆپۈنچىسى قېرىغان ۋاقىتلىرىدا ئۆمرىنى بىكارغا زايە قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئېچىنىشىدىكەن. داۋاملىق كوتۇلداپلا يۈرىدىكەن، باشقىلارنى قارغايدىكەن ۋە ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىدىكەن. مېنىڭ شۇنى بىلگۈم بار، ھايات دېگەن راستتىنلا ياشانغىچە مۇشۇ ئالقانچىلىك يەردە پىرقىراپ يۈرۈشلىمۇ؟ ياكى دۇنيادا باشقىچە ياشىغىلىمۇ بولامدۇ؟

كىچىك بېلىقنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئانىسى:

_ جېنىم بالام، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ نېمە دېگەن گەپ‌كەن ئۇ دۇنيا دېگەن؟! دۇنيا دېگەن مۇشۇ شۇ. ھايات دېسەڭ مەۋجۇت بولۇپ ياشاۋاتقىنىمىزنىڭ ئۆزى ھايات شۇ...

دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چوڭ بىر بېلىق يېقىنلاشتى:

_ قوشنام، نېمە دەپ باللىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىۋاتىلا؟ بۈگۈن ئايلانغىلى چىقمامسىلەر نېمە؟

ئانا بېلىق قوشنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقتى:

_ قارىماملا، قانداق كۈنلەرگە قالدۇق! باللار ئانىلىرىغا ئىش ئۆگىتىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

قوشنا:

_ نېمە بولدى؟

ئانا بېلىق:

_ ماۋۇ پەتەككە قارىماملا، نەلەرگە بارىمەن دەپ يۈرىدۇ! «دۇنيادا نېمىشلار بولىۋاتىدۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن» دەپ جاھىللىق قىلىپلا تۇرىۋالدى، ئۆزىدىن چوڭ گەپلەرنى قىلىپ.

قوشنا:

_ قوزام، سەن ئالىم، پەيلاسوپ بولۇپ كېتىپ، بىز خەۋەرسىز قاپتۇقمۇ نېمە - ھە؟

كىچىك بېلىق:

_ خانىم، سىز قانداق ئادەمنى ئالىم، پەيلاسوپ دەيسىز بىلمىدىم، ئەمما مەن بۇنداق چۆرگىلەپ يۈرۈشتىن تويۇپ كەتتىم. كىشىنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق سەيلىنى قىلىۋېرىشنى خالىمايمەن. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سىلەردەك قېرىپ، نەزەر دائىرىسى تار بولۇپ قالىمەن. بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن، چۈشىنەمسىلەر؟

قوشنا:

_ ئەستاغپۇرۇللا! قانداق گەپلەر بۇ؟

ئانىسى:

_ بىر تاللا بالامنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىنى ھېچ ئويلىماپتىكەنمەن. قايسى ئەبلەخ ئوبدان بالامنىڭ ئەقلىنى بۇلغىدىكىنە؟

كىچىك بېلىق:

_ ھېچكىمنىڭ ئەقلىمنى بۇلغىغىنى يوق. مېنىڭ ئەقىل - ئىدراكىم بار، چۈشىنەلەيمەن. كۆزۈم بار، كۆرەلەيمەن.

قوشنىسى كىچىك بېلىقنىڭ ئانىسىغا:

_ سىڭلىم ھېلىقى غەيۋەتچى قۇلۇلە بارغۇ...

ئانىسى:

_ راست دېدىلە، بالام بىلەن تولا ھەپىلىشەتتى ئۇ نەس باسقۇر.

كىچىك بېلىق:

_ ئانا! بولدى قىلىڭە، ئۇ دېگەن مېنىڭ دوستۇم.

ئانىسى:

_ ۋىيەي، بېلىق بىلەن قۇلۇلىنىڭ دوستلۇقمىش! ئانام كۆرمىگەن، دادام ئاڭلىمىغان گەپلەرغۇ بۇ!

كىچىك بېلىق:

_ مەنمۇ بېلىق بىلەن قۇلۇلىنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بىكارلا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز.

قوشنا:

_ قالايمىقانلا گەپلەر بۇلار!

كىچىك بېلىق:

_ سىلەر قالايمىقان گەپ قىلىۋاتىسىلەر.

ئانىسى:

_ ئۆلگۈر بىر نېمە ئۇ قۇلۇلە دېگەن. ئۇياقتا - بۇياقتا نېملەرنى دەپ يۈرگىنىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ھەرقاچان.

كىچىك بېلىق:

_ ئۇنداق بولسا، مېنىمۇ ئۆلتۈرۈپلا قۇتۇلۇڭلار. چۈنكى مەنمۇ ئوخشاش گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن.

تالاش - تارتىشقا باشقا بېلىقلارمۇ قوشۇلدى، كىچىك بېلىقنىڭ گەپلىرى ئۇلارنىمۇ ئاچچىقلاندۇرۇپ قويغانىدى.



**قېرى بېلىقلاردىن بىرى:**

_ ماڭا ئىچ ئاغرىتامدىكىن بۇلار دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟

**باشقا بىرسى:**

_ شاكىچىكىنىڭ تاياق يېگۈسى كەپ قاپتۇ قارىغاندا.

**قارا بېلىقنىڭ ئانىسى:**

_ بالام بىلەن ھەپىلەشمەي بىر ياققا ئۆتۈڭلار.

**باشقا بىرسى:**

_ۋۇي خېنىم! بالىلىرىنى تۈزۈك تەربىيىلىمىگەندىن كېيىن خاپىلىقنىمۇ تارتىلا.

**قوشنا:**

_ سىلى بىلەن قوشنا بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئۇيىلىۋاتىمەن.

**باشقا بىرسى:**

_ بۇ ئىشنى ئۇزارتىپ يۈرمەي، بۇنى قېرى قۇلۇلىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتەيلى بولدى.

بېلىقلار كىچىك قارا بېلىقنى تۇتقىلى كەلگەندە دوستلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالدى. كىچىك بېلىقنىڭ ئانىسى يۈزلىرىگە شاپىلاقلاپ يىغلايتتى ۋە ئاھ ئۇرۇپ شۇلارنى دەيتتى:

_ ئاھ خۇدايىم، ئاھ! بالام كېتىۋاتىدۇ، قانداق قىلاي، قايسى تاشقا ئۇسىۋالاي...

**كىچىك بېلىق:**

_ چىرايلىق ئانا، ماڭا ئەمەس، شۇ قېرى بېلىقلارنىڭ ھالىغا يىغلاڭ.

**بېلىقلاردىن بىرى يىراقتىن ۋارقىرىدى:**

_ ئاغزىڭنى بۇزما گۆي!

**ئىككىنچىسى:**

_ كېتىپ بولۇپ پۇشايمان قىلساڭ، قايتا ئارىمىزغا ئالمايمىز جۇمۇ سېنى!

**ئۈچىنچىسى:**

_ بۇلار ياشلىق ھەۋىسى خالاس، كېتىپ يۈرمە!

**تۆتىنچىسى:**

_ ھەسەل ئەمەن تېتىغان ئوخشىمامدۇ؟

**بەشىنچىسى:**

_ دۇنيا، پۈنيا دەپ باشقا يەر يوق. دۇنيا دېگەن مۇشۇ يەر شۇ، قايتىپ كەل!

**ئالتىنچىسى:**

_ئەقلىڭنى تېپىپ قايتىپ كەلسەڭ، سېنىڭ ئەقىللىق بېلىق ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمىز.

**يەتتىنچىسى:**

_ لېكىن بىز ساڭا كۆنۈپ قالغانتۇق ـ دە...

**ئانىسى:**

_ ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. كەتمىگىن بالام، كەتمىگىن!

ئەپسۇس كىچىك بېلىقنىڭ ئۇلارغا دەيدىغان گېپى قالمىغانىدى. تەڭ دېمەتلىك دوستلىرىدىن بىر قانچىسى ئۇنى شارقىراتمىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. كىچىك بېلىق ئۇلاردىن ئايرىلىدىغان چاغدا:

_ دوستلار كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!

**دوستلىرى:**

_ سېنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالايلى؟! سەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئاچتىڭ، بىز بۇرۇن پەقەت ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتىڭ. كۆرۈشكىچە ئامان بولغىن، باتۇر ۋە ئەقىللىق دوستىمىز!

كىچىك بېلىق شارقىراتمىدىن سەكرەپ، سۇ يىغىلىپ قالغان بىر يەرگە چۈشتى. باشتا قورققاندەك قىلسىمۇ، كېيىن سۇدا ئۈزۈپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ چاغقىچە بۇنداق كۆپ سۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

## ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:

1-ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا «Word» ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە يوللىنىشى كېرەك.

2-ئەسەرلەرنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئالغا سۈرمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

3-ئەسەر ئەۋەتكۈچى ئۆزىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەسەرنىڭ تېمىسى ئاستىغا يېزىشى كېرەك. (تەخەللۇس پەقەت شېئىر ۋە تاقاق - تۇقاق سەھىپىلىرىدىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ.)

4-ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى ۋە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا پايدىلانغان ماتېرىياللار تەپسىلىي بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

5-تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.

6-ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىرقانچەساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

7-ئەسەرلەر قىممىتى، سۈپىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ، تاللانمىغان ئەھۋالدا ئېلخەت ئارقىلىق بىلدۈرۈلىدۇ ۋە مۇناسىپ تەكلىپ - پىكىرلەر بېرىلىدۇ.

8-ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ئەسەرنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب - ژۇرناللاردا، تور بەتلەردە ۋە ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك. (ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ باشقا يەرلەردە ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.)

كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بۇ ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى، ئەسەرلىرىنى ۋە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بىزدىن ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ھۆرمەت بىلەن:**

**«شەپەق ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى**

سۆھبىتىمىز كېيىنكى ساندا داۋام قىلغۇسى...

